# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

21



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېهم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ISBN 978-7-228-12020-8
9 787228 120208 >
定价:12.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 21

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 21:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12020—8

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177995 号

| | |
|---|---|
| 策划 | 阿不都热合曼·艾白,艾合买提·伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜·阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电话 | (0991)2827472 |
| 邮编 | 830001 |
| 经销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开本 | 880×1230 毫米 1/32 |
| 印张 | 5 |
| 版次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印数 | 1—5000 |
| 定价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 21

نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 2827472—0991
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5000—1
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12020—8
باھاسى : 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۇمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەققەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۈكلۈك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتىمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىر قانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەندى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا سىلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چىچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىپكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

بۇقا موزايلاپتۇ ........................................ 1
ساقى كاج ........................................ 5
پادىشاھنىڭ خانىشنى خورازغا نىكاھ
قىلدۇرۇشى ........................................ 19
پادىشاھنىڭ ساز ئاڭلىشى ........................................ 22
مازاقخور مازاقتا ئۆلەر ........................................ 26
گۈل قىز ........................................ 29
بىلىمەن ........................................ 32
ئەينەك ........................................ 36
مىس قازان ........................................ 43
پادىشاھنىڭ كۈننى ئۇزارتىشى ........................................ 48
ناداندىن تادان چىقار ........................................ 51
ئىككى باي ........................................ 55
سالام ئېيت ........................................ 59
ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە ........................................ 62
يامان خوتۇندىن بەزگەك جىن قاچار ........................................ 65
توخۇنى يولدا چىللىتارمەن ........................................ 69
ئىككى ئالدامچى ........................................ 72
ئىككى ھورۇننىڭ ئۆلۈمى ........................................ 77

ئېشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش ..........80

قارا مۇقچىنىڭ پىيىزى ..........83

بېخىل ..........86

كۆسەي قاشلىق ۋاپادار ..........88

نەغمەجان ..........98

ئىسسىت، ھۈنىرىم ..........108

ئىككى گىرى ..........111

كاج خوتۇننىڭ ئۆلۈمى ..........117

گول چامغۇۋاي ..........119

قوغۇنچىنىڭ باھاسى ..........124

مەمتىكام يالغان بىلەن ئەمتىكام دىك ـ دىك....126

بەڭگىنىڭ خىيالى ..........132

نادان بىلەن تادان ..........136

بەش گاس ..........138

تېۋىپنىڭ ئوغلى ..........144

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# بۇقا موزايلاپتۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاق كۆڭۈل كەمبەغەل ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ موزايلىق بىر ئىنىكى بار ئىكەن. بىر كۈنى دېھقان ئىنەكنى سۇغارغىلى ئاچىقىپتۇ. موزاي ئىنەكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر كىشىمۇ بۇقىسىنى سۇ-غارغىلى ئاچىقىقانىكەن، قايتار چېغىدا موزاي بۇقىغا ئەگىشىپ كېتىپ قاپتۇ. موزاينىڭ ئىگىسى ئىنىكىنى ئۆيگە ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپ، بۇقىسى بار ئادەمنىڭكىگە موزاينى ئەكەلگىلى بېرىپتۇ. بىراق، بۇقىنىڭ ئىگىسى:

— بۇ موزاي مېنىڭكى. مېنىڭ بۇقام موزايلايدىغان خا-سىيەتلىك بۇقا. بۇ موزايغا ھەرقانداق كىشىنىڭ چىشى پات-مايدۇ، — دەپ، مۇتتەھەملىك قىلىپ موزاينى بەرمەپتۇ. ئىككىيلەن تالىشىپتۇ، ئاخىر قازىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بو-لۇشۇپتۇ. بۇقىنىڭ ئىگىسى ھېلىقى موزاينىڭ تېزىكىدىن بىر ياغلىق ئېلىپ قوينىغا سىلىۋاپتۇ. موزاينىڭ ئىگىسى بولسا ھېچ نەرسە ئالماپتۇ. ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئې-گىلىپ تەزىم قىلىشىپتۇ.

— ھە، نېمە گەپ؟ — دەپتۇ قازى خۇشياقا - ياقماس قىياپەتتە. موزاينىڭ ئىگىسى ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەر-زىنى بايان قىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك قازىم، مېنىڭ بىر موزايلىق ئىنىكىم بولۇپ، ئۇنى تۇنۇگۈن كۆلگە سۇغارغىلى ئاچىققانىدىم. قايتار چاغدا موزىيىم بۇ كىشىنىڭ بۇقىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭكىگە كىرىپ كەتتى. موزاينى ئەكەتكىلى بارسام، بۇ كىشى: «بۇ مېنىڭ موزىيىم، بۇ موزاينى مېنىڭ بۇقام تۇغقان» دەپ بەرمەيۋاتىدۇ. جاھاندا مۇشۇنداقمۇ مۇتتەھەملىك بولامدۇ، قازىم؟! بۇقىمۇ تۇغامدۇ، قازىم؟! بۇ دەۋانى ھەق سوراپ قويامدىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، — دەپتۇ. موزاينىڭ ئىگىسى ئەرزىنى تۈگىتىشىگە، بۇقىنىڭ ئىگىسى سۆزىنى باشلاپتۇ:

— قارىمىلا، قازىم، ماۋۇ قارا يۈز بەندە ئېغىلىمدىكى موزاينى «مېنىڭ» دەپ، ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ، قاراپ تۇرۇپ كىشىنى بوزەك قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟! سىلىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىلا، بۇقا دېگەنمۇ بەزىدە موزايلايدۇ ئەمەسمۇ؟ موزاي مېنىڭ، بۇنىڭدا شەك يوق. بۇ دەۋانى ئوبدانراق سوراپ قويسىلا، قازىم، — دەپتۇ. بۇقا ئىگىسى سۆزلەۋېتىپ تېزەك چىگىلگەن ئاق ياغلىقنى ئۈچ - تۆت قېتىم مۇشتلاپ قويۇپتۇ. قازى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كىتابقا قاراپ باقاي، كىتابتا نېمە يېزىلغان بولسا، شۇ بويىچە سورايمەن، — دەپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. قازىنىڭ تويماس كۆزى بۇقا ئىگىسى مۇشتلاپ قويغان ئاق ياغلىقتا چۈشكەنىكەن، ئۇ ياغلىقتىكىنى تىللا دەپ ئويلاپ، بۇقا ئىگىسىگە پايدىلىق سۆز قىلىپ، تىللانى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا چۈشۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قورسىقىغا بىر ھىيلىنى پۈكۈپ ئۆيدىن چىقىپتۇ - دە، گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ موزاينىڭ ئىگىسىگە:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



— مەن بۇرۇن بىلمەپتىكەنمەن، كىتابتا يېزىلىپتۇ، بۇ- قىمۇ بەزىدە موزايلايدىكەن. بۇ كىشىنىڭ بۇقىسىنىڭ موزاي- لىغىنى راست. موزايدا سىېنىڭ ھەققىڭ يوق، ماڭ بېرىپ ئىشىڭنى قىل، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق مۇتتەھەملىك قىلساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! — دەپتۇ. موزاينىڭ ئى- گىسى سۆز ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي گەدىنىنى قاشلاپ، ئىككى كۆزىنى ياشلاپ، ھەسرەتلىك تىنىپ ئاستا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇقا ئىگىسىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە چوڭ قەدەملەر بى-

لەن تالاغا مېڭىپتۇيۇ، قازىغا قوينىدىكى ياغلىقنى بەرمەپتۇ. قازى ھاپىلا - شاپىلا كىچىك ئوغلىنى:

— ئاۋۇ ئېگىز كىشىدە بىر ئاق ياغلىق بار، «دادام بەر-سۇن دېدى» دەپ، ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

ئوغۇل بېرىپ ھېلىقى ئېگىز ئادەمنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ: «ياغلىقنى بېرىڭ» دەپ، چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇقىنىڭ ئىگىسى ياغلىقنى بېرىپ كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ، بالا ياغلىقنى دادىسىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. قازى: «بىر ياغلىق تىللاغا ئىگە بولدۇم» دەپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پات-ماي قاپتۇ، ياغلىقنى باغرىغا بىرنەچچە قېتىم بېسىپتۇ، ئاز-دىن ئېچىپ قارىغانىكەن، ياغلىقتىكى قېتىپ كەتكەن موزاي تېزەكلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ، قازى يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ، تاتىرىپ كېتىپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلمەي بوت-تەكلا تۇرۇپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قىزىقارلىق ۋەقە ئەلگە ئاڭ-لىنىپ، سۆز - چۆچەك بولۇشقا باشلاپتۇ. قازى شۇ قېتىم-لىق سوراقتىن كېيىن جامائەت ئارىسىدا باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# ساقى كاج

بۇرۇن بۇرۇن ئىكەن، چاشقان سامادا، ئۆردەك كاماردا، بۆرگە هاۋادا ئىكەن. ئاشۇ زاماندا يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس بىر ماكاندا بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئوغلىنىڭ ئىسمى ساقى ئىكەن. ساقى تولىمۇ گۇمانخور، كاج ئىكەن، دائىم باشقىلار ياخشى نەسىھەت، مەسلىھەت بەرسە قوبۇل قىلمايدىكەن. ھەتتا، ھەرقانداق بىرەر جىددىي ئىشتىن خەۋەر يەتكۈزسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۇمانخورلۇقى بىلەن «ئىشەنمەيمەن» دەپ ئۆز خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كاجلىقى، گۇمانخورلۇقى ئون سەككىز ياشقا توشۇپ، قورامىغا يەتكەندە تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ. لېكىن، بۇ قىلىقى دەسلەپ ئۇنىڭغا ئامەت، بەخت ئېلىپ كەپتۇ.

بىر كۈنى ساقى كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ ئولتۇرسا، ئاتىسى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ ئىشقا بۇيرۇپ:

— ئوغلۇم ساقى، مەن سېنى يالغۇز ئوغۇل دەپ ئەتىۋارلاپ ئېغىر ئىشقا سالماي چوڭ قىلدىم. ئەمدى سەن ماڭا ياردەملىشىپ ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىل، مەندىن كېيىن قالساڭ، جاپا چېكىپ قالىسەن. ماڭ، بېرىپ قوغۇنلارنى سۇغىرىۋېتىپ كەل، بۇ يىل قوغۇنلار ئوخشىدى، كۈزدە قوغۇنلار سېتىلغاندا سېنى ئۆيلەپ قويىمەن، — دەپتۇ.

ساقى ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاتام مېنى ئىشقا سې-
لىش ئۈچۈن ئۆيلەپ قويىمەن دەپ ئەخمەق ئەتمەكچى بولۇۋا-
تىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ سۆزىگە
ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— ئۆيلەپ قويۇشۇڭغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

ئاتىسى ساقىنى قىزىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمىسەڭ، بۇنى كۆزدە كۆرەيلى، ئاۋۋال بېرىپ
قوغۇنلارنى سۇغىرىۋېتىپ كەل، ھېچبولمىسا سەنمۇ يەيسەن
ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

ساقى ئاتىسىغا كاجلىقىنى ئاقتۇرالماي، قوغۇنلارنى سۇ-
غارغىلى بېرىپتۇ. ساقى سۇنى يەر قوشنىسى باينىڭ قوغۇن-
لۇقىنىڭ چۆنەكلىرىگە باشلاپ قويۇپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇ-



www.uyghurkitap.com

رۇپ قاپتۇ. سۇ كىرىپ قوغۇن چۆنەكلىرى تۇشۇپ ئاغىلارغا چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئاخىر بۇ پۈتۈن قو-غۇنلۇق سۇ ئاستىدا قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر قوشنىسى ساقىنى چاقىرىپ:

— هەي ساقى، باي ئاكامنىڭ قوغۇنلىرىنى سۇغا باستۇرۇۋەتتىڭ. ئەمدى بايدىن قانداق قۇتۇلارسەنكىن؟ — دەپتۇ. ساقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ ئادەم باينىڭ قوغۇنلىرىنى ئۆزى سۇغا باستۇرۇۋېتىپ، بالاسىنى ماڭا ئارتىپ، ئۆزى قۇتۇلد-مەن، دەپ ئويلاۋاتىدۇ، مەن بۇنداق ئاسان ئەخمەق بولىدى-غانلاردىن ئەمەس، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپ، ئورنىدىن تەۋرەپمۇ قويماپتۇ. ئۇ دېھقان ساقىنىڭ تەۋرىمەي ئولتۇرۇشىغا قاراپ بۇنىڭدا بىرەر كارامەت بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئاستا بېرىپ، سۇ-نى ئۆز يولىغا ماڭدۇرۇۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

ساقى قوغۇنلۇقتىن قايتىپ كېلىشىگىلا، ئاتىسى كايىپ:

— سەن قەستەن باينىڭ قوغۇنلىرىنى سۇغا باستۇرۇۋې-تىپسەن، سېنى ئىشقا بۇيرۇپ مېنى نەس باستىغۇ، نېمە تارتقۇلۇق بۇ! — دەپتۇ.

ساقى ئاتىسىنىڭ كايىشىنى ئاڭلاپ، هېلىقى دېھقاننىڭ خەۋەرنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈپ بولغانلىقىنى بىلىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى بۇنىڭغا هەيران بولۇپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— سېنى نەس بېسىشىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ ئاتىسى. ساقى:

— باينىڭ تۆلەم تۆلىتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ ئاتىسى.

— ئىشەنمەيمەن! — ساقى ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپتۇ.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ غەلىتە گەپ قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئويلىنىپ قاپتۇ. بىر چاغدا باي كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ساقىنىڭ ئاتىسىغا:

— ئوغلۇڭ قوغۇنلىرىمنى سۇغا باستۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ قوغۇنلۇقۇڭدىن چىققان پۈتۈن قوغۇنلارنى ئېلىۋالىمەن. بولمىسا، قوغۇننى سېتىپ تاپقان پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى تۆلەمگە بېرىسەن، بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ ئۈستۈڭدىن قازىغا ئەرز قىلىمەن، — دەپتۇ.

ساقى باينىڭ بۇ ئىشتىن تېز خەۋەر تېپىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، بۇنىڭدا بىر ئويۇن بار، بولمىسا، باي بۇنچىلىك تېز خەۋەر تېپىپ كېتەمدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. باي بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— سېنىڭ قوغۇننى تۆلىتىۋېلىشىڭ، ھەتتا بىزنىڭ بىر تال مويىمىزغا تېگەلىشىڭگە ئىشەنمەيمەن ! — دەپتۇ.



باي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدا بىرەر كاراماتتە بار-
مۇ، قانداق؟ شۇنداق بولسا تېخىمۇ چوڭ زىيان سېلىۋەتمى-
سۇن، دەپ ئويلاپ، قوغۇنىنىڭ دەۋاسىدىن كېچىپ، جىمىدىنلا
چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن جىمىپ قاپتۇ. لې-
كىن، ساقىنىڭ «كارامىتى» توغرۇلۇق گەپ يۇرتقا تارقىلىپ-
تۇ. ساقىنىڭ «كارامىتى» سىرلىق تۇسكە ئىگە بولۇپ، ئۇ
ئالدىن بىلەرمەن ئاجايىپ ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ياز كېتىپ كۈز كەپتۇ، قوغۇنلار پىشىپتۇ. ساقىنىڭ ئاتى-
سى قوغۇنلارنى خىللاپ ئۈزۈپ، يارىيار هارۋىغا بېسىپ كېلىپ:

— ئوغلۇم، قوغۇنلار بالدۇر پىشىپ، بازارغا ئالدىدا
كىردى، بازىرى ئىتتىك بولىدۇ، سەن سېتىپ كەلگىن! —
دەپتۇ. ساقى ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بازىرى ئىتتىك
بولسا، ئۆزى سېتىپ كەلمەي، مېنى بۇيرۇغىنىغا قارىغاندا بۇ
يەردە بىر ئويۇن بار، دەپ گۇمانلىنىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى هەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، يەنە نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ. ساقى:

— قوغۇنلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلاردا «ئىشەنمەيمەن»
دېگەن سۆزىنىڭ راست چىققانلىقىغا، بۇنىڭدا بىرەر كارامەت
بارلىقىغا چىنپۈتۈپ قالغاچقا، ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن يەنە باش-
قىچە سۆزنىڭ چىقىپ كېتىشىنى خالىماي جىم بولۇپ قاپتۇ.
لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بازارغا ئاپىرىپ بېقىش توغرى-
سىدا ساقىنى زورلاۋېرىپتۇ. ساقى ئاتىسىنىڭ زورى بىلەن
يارىيار هارۋىنى هەيدەپ بازارغا كىرىپتۇ. ئۇ بىر قوغۇننى
ساتقۇچە ئۇششاق باللار ئىككى قوغۇننى ئېلىپ قېچىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن بىر كىشى:

— هەي ئۇكام، قارا، ئۇششاق باللار قوغۇنلىرىڭنى ئې-

لىپ قاچتى. ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ئولتۇر، ـــ دەپتۇ. ساقى ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

ـــ ئىشەنمەيمەن، ـــ دەپتۇ. ئۇ ئادەم ساقىنى بىلمىگەچكە:

ـــ نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ كىچىك باللارنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ قوغۇنلارنى ئېلىپ قاچالىشىغا ئىشەنمەيمەن، ـــ دەپتۇ ساقى. ئۇ ئادەم ساقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بۇ بىر ئەخمەقمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، ئارتۇقچە گەپ قىلماي كېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقى قوغۇندىن بىرنى ساتسا، ئىككىنى كىچىك باللارغا ئالدۇرۇپ قويۇپ قۇرۇق قول دېگۈدەك ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئاتىسى بۇنى كۆرۈپ:

ـــ ئوغلۇم، قوغۇنلار سېتىلىپ راسا پۇل بولغان ئوخشىمامدۇ، بالدۇرلا قايتىپ كەپسەنغۇ؟ ـــ دەپتۇ. ساقى ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قوغۇنلارنىڭ ھېچقانچە پۇلغا يارىمىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، شۇڭا ئاتام ئەتىگەندە مېنى قوغۇن سېتىپ كېلىشكە شۇنچە زورلاپ كەتكەنىكەن ـ دە، دەپ ئاتىسىدىن گۇمانلىنىپ:

ـــ ئىشەنمەيمەن، ـــ دەپتۇ. ئاتىسى يەنە ھەيران بولۇپ:

ـــ ئوغلۇم، يەنە نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ قوغۇنلارنىڭ سېتىلىپ راسا پۇل بولغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

ساقى قوغۇن ساتقان نەچچە تەڭگىنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئاتىسى يا كۈلۈشىنى، يا ئاچچىقلىنىشىنى بىلمەي جىمىپ قاپتۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىر بۇ ئىشنىڭ «ئۆيلەپ قويىمەن» دېگەن سۆز چىققاندىن باشلانغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپ، ئوغلۇمغا خوتۇن جىنى چاپلاشقان ئوخشايدۇ،

ئۇنى ئۆيلەپ، كېسەلدىن خالاس قىلاي، دېرىزىلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوغلىنى ئۆلتۈر-مەكچى بوپتۇ. ئۇلار كۆپ باش قاتۇرۇپ، بىر قىزنى [illegible] كۆرسەتكەنىكەن، ساقى يەنىلا:

— ئۇنىڭ ماڭا خوتۇن بولالىشىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپ-تۇ. ئاتىسى خاپا بولۇپ:

— باينىڭ قىزىنى ئالامسەن يا؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ساقى جاۋاب بەرمەپتۇ. ئاپىسى ساقىنىڭ ئاغزىدىن گەپ چى-قىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ۋاي دادىسى، نېمىدەپ جۆيلۈيدىغانلا، بىز باينىڭ خى-لى ئەمەس، باي بىزگە قىزىنى بېرەمدۇ؟ — دەپتۇ. ساقى ئا-پىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاپام باينىڭ قىزىنى بېرىدىغان-بەرمەيدىغانلىقىنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قانداق بىلگۈدەك، بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، بۇلار مېنى ئەخمەق ئەتمەكچى، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاپىسى كايىغىنىچە:

— ئوغلۇم، نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ. ساقى دەر-ھاللا:

— باينىڭ قىزىنى بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— باي قىزىنى بەرسە ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى.

— ئالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ساقى.

ئاتا - ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوغلىمىزنىڭ باينىڭ قىزىنى ئالغۇسى بار ئىكەن دەپ، باينىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بېرىپتۇ. باي ئۇلارنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلىپ:

— ئوغلۇڭلار نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىۋېلىپ:

— باينىڭ قىزىنى بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن

دەيدۇ، — دەپتۇ.

باي «ئىشەنمەيمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپتۇ ھەم يۇرت ئىچىدىكى ساقى توغرۇلۇق بولغان گەپلەرنى ئېسىگە ئېلىپ، قىزىمنى بەرمىسەم كارامىتىنى كۆرسىتىپ بىر پالاكەتكە يولۇقتۇرمىسۇن، دەپ ئويلاپ، قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

قىز - ئوغۇل تەرەپ تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ توي ئۆتكۈزۈپتۇ.

تويدىن كېيىن ساقىنىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىنىنى ئازنا قىلدۇرۇپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. لېكىن، ھەر ئىككىسى باينىڭ ئالدىغا بېرىشتىن تەپ تارتىپ، بىر - بىرىگە زورلىشىپ بىر يەرگە كېلەلمەپتۇ. ئاتىسى ئاخىر ساقىنى چاقىرىپ:

— ماڭ، خوتۇنۇڭنى ئازنا قىلدۇرۇپ ئەكەل ! — دەپتۇ. ساقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇلار مېنى دامىغا دەسسەتمەكچى، دەپ ئويلاپ:

— ئۇنىڭ يەنە خوتۇنۇم بولۇپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باينىڭ قىزى، بۇ مېنىڭ كۆڭۈل سىرىمنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ساقىغا چىڭ چاپلىشىپ، ئۇ نېمە دېسە «ھە» دەپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياخشى ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ساقىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قېرىلىق يېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساقى ئېتىزغا ئىشقا كېتىپتۇ. كەينىدىنلا ئۆيگە ئوت كېتىپتۇ. ئاتىسى ئوت كەتكەن ئۆينىڭ ئىچىدە قاپسىلىپ قاپتۇ. ئىككى ئايال ھېچ

ئامال قىلالماي ناله قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئاپىسى:

— ۋاي جېنىم قىزىم، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلا، بېرىپ سا-قىنى چاقىرىپ كەلسىلە، ئاتىسىنى ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاپچى-قىۋالسۇن! — دەپتۇ. خوتۇنى يۈگۈرۈپ ساقى ئىشلەۋاتقان يەرگە بېرىپ:

— ۋاي بولمىدى، تېز بول، ئاتام ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى! — دەپتۇ.

— ئاتام ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىغان ساراڭ بولمىسا، ماڭ كەت، بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن! — دەپتۇ ساقى ھېچ ئىش بولمىغاندەك. خوتۇنى:

— ۋاي نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ. ساقى:

— ئاتامنىڭ ئوتنىڭ ئىچىدە قالغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ ساقىغا كار قىلماپتۇ. ئاخىر قايتىپ كېلىپ قارىسا، قولۇم - قوشنىلار ئاتىسىنى چالا ئۆلۈك ھا-لەتتە ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاچقىپ ياتقۇزۇپ قويغانىكەن.

ساقى ئۆز خىيالى بويىچە ئىشنى تۈگىتىپ، لەلەڭلەپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگە، ئاپىسى كايىپ:

— ۋاي ئوغلۇم، ئاتاڭ شۇ ھالەتتە ياتسا نەلەردە لەلەڭ-لەپ يۈردۈڭ؟ چاقىرغاندىن كېيىن قايتىپ كەلسەڭ بولما-مدى؟! ئەمدى ئاتاڭدىن ئايرىلىپ قالدىغان ئوخشايمىز، — دەپتۇ.

ساقى، ئاپام مېنى قورقۇتۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاپىسى ئۈنىڭدىن:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— ئاتامدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

ئاپىسى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ تېۋىپ چاقىرىپ كې-لىشكە ئالدىرىماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاتىسى سەكراتقا چۈشۈپ جان

تەسلىم قىپتۇ. ئۇلار يىغلاپتۇ ـ قاقشاپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

كۈنلەردە بىر كۈن ساقى كېچە ـ كۈندۈز پەرىشان يۈرۈۋاتقان ئاپىسىنى خوتۇنى بىلەن بىرگە ئېلىپ دەريا بويىغا بېرىپ سەيلە قىلدۇرماقچى بوپتۇ. ساقى قانداق قىلغان، ئىككى توشقان تۇتۇۋاپتۇ. ساقى توشقاننى سويۇپ بېرىپ يەنە توشقان ئوۋلاشقا كېتىپتۇ. ئاپىسى سۇ ئالغىلى دەريا بويىغا بېرىپتۇ. موماي ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساقىنىڭ خوتۇنى ساقىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ۋاي بولمىدى، ۋاي بولمىدى، تېز بولغىن ! — دەپتۇ. ساقى:

— بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ئاپام دەرياغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى ! — دەپتۇ خوتۇنى.

ساقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ ماڭا توشقان ئوۋلاتماسلىققا تاپقان باھانىسى دەپ گۇمانلىنىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. خوتۇنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ساقى ئالدىرىماي كېلىپ قارىسا، ئاپىسى يوق تۇرغۇدەك. ساقى ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى كاچاتلاپ، بۇقىدەك ھۆكۈرەپ يىغلاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلىپ، ئۆيىدىن تاشقىرى چىقماي يېتىپتۇ.

ساقىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باي ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىككىسىنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ساقى قېيناتىسىغا:

— ئاتا، مەن بىرەر ئىش ـ كۈش قىلسام بولاتتى، — دەپتۇ.

— ئوغلۇم، نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟ نېمە قىلىشنى خالىساڭ، شۇ ئىشنى قىلغىن، — دەپتۇ باي.

— نېمىشقىكىن، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، كۆڭلۈم تاغنى تارتىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ ساقى.

— كۆڭلۈڭ تاغنى تارتقان بولسا، مەيلى بارغىن، تاغدا مېنىڭ نۇرغۇن ماللىرىم بار، مالچىلار سېنىڭ ھالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، — دەپتۇ باي. باي گېپىنى تۈگىتىشىگە، ساقى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— ئوغلۇم، نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— شۇنچە كۆپ ماللارنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

باي ئارتۇقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالماي:

— ئوغلۇم، خالىساڭ بېرىپ كەلگىن ! — دەپتۇ.

ساقى ئۇزۇن يولنى بېسىپ تاغقا بېرىپتۇ. باينىڭ يايلاق-



تىكى مالچىلىرى ساقىنى باينى كۈتكەندەك ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئارىدا گەپتىن - گەپ چىقىپ، قويچىلاردىن بىرى:

— ھازىر تاغدا بۆرە بەك كۆپىيىپ كەتتى، بىر كۈنى بولمىسۇن بىر كۈنى بۆرىلەرنىڭ بىزگە ئاپەت ياغدۇرۇپ قويلارنى بوغۇۋېتىشىدىن

ئەنسىرەيمىز، — دەپتۇ. ساقى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بۇلار بۆرە بوغۇۋەتتى دەپ، بۆرە ئورنىدا ئۆزلىرى سويۇپ يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ:
— ئىشەنمەيمەن ! — دەپتۇ. قويچىلار:
— ۋاي ساقى ئاخۇن، نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ.
— بۆرىلەرنىڭ قويلارنى بوغۇۋېتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ ساقى.
— ئىشەنمىسەڭ، قويلارنى بىرنەچچە كۈن بېقىپ باقـ قىن، بۆرىنىڭ تولىلىقىنى كۆرسەڭ، ئىشىنىپ قالىسەن، — دەپتۇ مالچىلار. ساقى ماقۇل بوپتۇ.
ساقى قويلارنى ھەيدەپ بۆرىلەر جىق بىر جايغا بېرىپتۇ. بىر چاغدا بۆرىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ ھۇۋلىشىپ يەر - جاـ ھاننى تىترىتىپ بىراقلا قويلارغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. ساقى نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە، بۆرىـ لەر قويلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. ساقى بۇنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن دەرھال بىر قورام تاشنىڭ كەينىدىكى كامارغا يوشۇرۇنۇپتۇ. بۇ چاغدا باشقا مالچىلار بۆـ رىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تاياق - توقماق كۆتۈرۈشۈپ كېـ لىپ قارىسا، قويلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆلۈك تۇرغان. بۇنى كۆرگەن مالچىلار پۇشايمان قىلىپ، ئاخىر:
— نۇرغۇن قويلارغۇ ئۆلۈپتۇ، بىراق قويلارنى بۆرىگە يەم قىلىۋەتكەن ئادەم يوقىلىپ كېتىپ يامان بولدى. ئۇ بولمىسا، بايغا جاۋاب قىلىشىمىز تەسكە توختايدۇ، — دېيىشىپ، ساـ قىنى چاقىرىشقا باشلاپتۇ. خېلىدىن كېيىن يېقىن بىر يەردىن بوش ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار ئىزدەپ ساقىنى قورام تاشنىڭ كەينىدىكى مۆكۈۋالغان كامارىدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ. ساقىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتقۇدەك.

www.uyghurkitap.com

مالچىلار ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئارتۇقچە گەپ قىلماپتۇ، لېكىن «بايغا قانداق جاۋاب قىلارمىز؟» دەپ زارلىنىپتۇ. ساقى:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. مالچىلار ھەيران بولۇشۇپ:

— سەن يەنە نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بايىنىڭ سىلەر بىلەن شۇنچە قاتتىق ھېساب - كىتاب قىلىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ ساقى.

ئۇلار ئوتاققا قايتىپ كېلىپ بايغا خەۋەر قىلىشىپتۇ. باي تاغقا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يەنە بىر يېڭى پالاكەت كەلتۈرۈشتىن ئەنسىرەپ، ئەلەمدە بوغۇلۇپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ:

— بۇ بىر تەقدىر، — دەپلا قويۇپتۇ. باي شۇ ئاچچىقىدا تاغدىن تېزلا كېتىپ قاپتۇ.

مالچىلار بايدىن شۇنچە ئاسان قۇتۇلغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ساقىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنى سىرلىق ئادەم چاغلاپ قايتىدىن ھۆرمەتلەشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى مالچىلار ساقىنى يايلاقنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇپ، مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇش ئۈچۈن تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار كەيپى خۇشال ھالدا چۇقان سېلىپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. ئۇلار چۇقان - سۈرەن بىلەن خېلى يەرلەرگە بېرىپتۇ. تۇيۇقسىز ئالدىدىن بىر كېيىك چىقىپتۇ. ئۇلار كېيىكنى قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ، لېكىن يېتەلمەپتۇ، چىملىق، ئوتلاق تۈگەپ تاقىر يەرگە چىقىپ قاپتۇ. شامالدەك چېپىپ كېتىۋاتقان كېيىك چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ساقى كېيىكنى كۆزدىن يىتتۈرۈپ قويۇپ توختاپ قاپتۇ. ئالدىدىن كۆكۈچ تۇمان كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ ئىس ئىكەن. ئىسنى كۆرگەن قويچىلارنىڭ ئارىسىدىن چوڭ ياشلىق بىرى:

— ۋاي توختاڭلار، كۆل دېڭىزغا كېلىپ قاپتىمىز، بۇ يەرگە كىرگەن ئادەمنىڭ قايتىپ چىققانلىقىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىدۇق، — دەپتۇ. ھەممىسى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاپ قاپتۇ. ساقى بۇ سۆزگە ئىشەنمەي:

— ئىشەنمەيمەن! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مالچىلار يەنە ھەيران قېلىپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى يەنە:

— ئادەم كىرسە قايتىپ چىقالمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپلا، ئاتقا قامچا ساپتۇ. تۇيۇقسىز تەگكەن قامچىدىن ئات ئۈركۈپ، ئورنىدىن چاچراپ چىقىپ قۇيۇندەك چېپىپ، كۆل دېڭىزى ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇنغا بارماي بىر پارچە تۇمان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ساقى كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مالچىلار ساقىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، تۇرار جايىغا قايتىشىپتۇ.

ساقى ئۆزىنىڭ گۇمانخورلۇقى، كاجلىقى بىلەن دەسلەپتە ئامەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزۈڭنىڭ خۇي - پەيلىڭدىن كۆر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# پادىشاھنىڭ خانىشىنى خورلىغا نىكاھ قىلدۇرۇشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى پۇقرالىرىغا دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت قىلىدىكەن ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قاتتىق جازالايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ كىچىك خوتۇنى ئايخاننى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپتۇ. ئايخان تولىمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن ئايال بولغانلىقتىنمىكىن، ئىشقىلىپ، پادىشاھ ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ. دىنىي قائىدە بويىچە، ئەر كىشى خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ يەنە ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولسا، تالاق قىلىۋەتكەن ئايالنى باشقا بىر ئەر كىشىگە نىكاھ قىلدۇرۇشى، بۇ ئىككىيلەن ئاز دېگەندە بىر كېچە بىر ئۆيدە بولۇشى، ئاندىن ئىككىيلەننى ئاجراشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئېرى نىكاھىغا ئېلىشى شەرت ئىكەن. بۇ، تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇننى «تەلى قىلدۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىكەن.

پادىشاھنىڭ ئايخاندىن ئاجرىشىپ كېتىشكە كۆڭلى چىدىماپتۇ ھەم ئۇنى باشقا بىر ئەر كىشىگە تەلى قىلدۇرۇشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ، تەلى قىلدۇرمايدىغان باشقىچە بىرەر

يول تېپىلىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن يۇرت دائىرى-سىدىكى بارلىق دىنىي ئۆلىمالارنى يىغىپتۇ.

— ئى مۆتىۋەرلەر، — دەپتۇ پادىشاھ ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، — مەن خوتۇنۇم ئايخاننى ئۈچ تالاق قى-لىۋەتكەنىدىم، ھازىر ئۇنى يەنە ئۆز نىكاھىمغا ئېلىش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا، ئايخاننى تەلى قىلدۇرماي ئۆز نىكاھىمغا ئې-لىشقا بىرەر يول كۆرسىتەرمىكىن، دەپ چاقىرتقانىدىم.

دىنىي ئۆلىمالار كىتاب كۆرۈپتۇ، ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىپتۇ. ئاخىر:

«تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇننى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن تەلى قىلدۇرماقتىن ئۆزگە يول يوق» دەپ خۇلاسە چى-قىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ - دە، قازى ئاخۇنۇمغا ۋارقىراپتۇ:

— سىز ئېيتىپ بېقىڭا، بۇنىڭ تەلى قىلدۇرماقتىن ئۆزگە ھېچقانداق ئامالى يوقمۇ؟

پادىشاھنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن قازى ئاخۇنۇم دەرھال پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر پەتىۋا ئويدۇرۇپ چىقىپتۇ.

— ئى پادىشاھىم، — دەپتۇ قازى ئاخۇنۇم، — تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇننى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن تەلى قىلدۇرۇش پەرزدۇر، ئەمما ئۇنى ئادەمگىلا تەلى قىلدۇرماي، ئەركەك جان - جانىۋار، ئۇچار قۇشلار بىلەن تەلى قىلدۇر-سىمۇ بولىۋېرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ چىرايى ئېچىلىپتۇ. بۇ پە-تىۋانىڭ پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنى پەملىگەن سورۇن ئەھلى نارازىلىق بىلدۇرۇشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. پادىشاھ دەررۇ بىر چار خورازنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. قازاخۇنۇم بىرھازا نى-

كاھ پاتىھەسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، پادىشاھ تۇتۇپ تۇرغان خوراز تەرەپكە بويۇنداپ مۇراجىئەت قىپتۇ:

— ئاگاھ بولۇڭكى، ئۆزىڭىز ھازىر تۇرۇپسىز. يەنە سىز چاخوراز باينىڭ ئوغلى قارا چاخوراز ئاخۇن، قادىر موللابايىنىڭ قىزى ئايخاننى ئىككى دۇنيانىڭ ھالال جۇپتىلىكى ئۈچۈن ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ خورازنىڭ يانپىشىغا پاقىقىدا بىرنى ئۇرغانىكەن، خوراز «ۋىك» قىپتۇ.

— مانا، ئالدىم دېدى، — دەپتۇ قازى ئاخۇنۇم.

كېچىسى ئايخان بىلەن خوراز «ئەر - خوتۇن» بولۇپ بىر ئۆيدە يېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، پادىشاھ خورازنىڭ يانپىشىغا يەنە بىرنى ئۇرغانىكەن، خوراز يەنە «ۋىك» قىلىپ توۋلاپتۇ.

— ئۈچ تالاق، ئەرگە تەگ، دېدى، — دەپتۇ قازى ئاخۇنۇم. ئاندىن ئايخاننى پادىشاھقا قايتا نىكاھ قىلىشقا پاتىھەنى باشلاپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# پادشاھنىڭ سازئاڭلىشى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا ناھايىتى كاتتا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىش - ئەمەلى تاماشا قىلىش، نەغمە - ناۋا ئاڭلاپ بەزمە قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن، ئاۋام خەلقى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى ۋەزىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ، ۋەزىرئەزەمگە پۈتۈن شەھەردىكى سازەندىلەرنى ئوردىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. ۋەزىرئەزەم ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى باشلاپ، شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە قويماي ئاختۇرۇپ نۇرغۇن سازەندە، ناخشىچىلارنى ئوردىغا يىغىپتۇ. ۋەزىرئەزەم:

— بۈگۈن ساز چېلىپ پادىشاھئالىمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز، كىمنىڭ چالغان سازى، ئېيتقان ناخشىسى پادىشاھ ئالىيلىرىغا يارىسا، شۇ كىشىگە ئىنئام ۋە مەنسەپ بېرىلىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سازەندە، ناخشىچىلار خۇش بولۇشۇپ، ۋەزىرئەزەمگە «ھەشقاللا» دەپ تەزىم قىلىشىپتۇ. ۋەزىرئەزەم پادىشاھ تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنىڭ ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندالغانلىقىدىن خۇرسەن بوپتۇ ھەمدە

ئۆزىنىڭمۇ ئىنئام ـ تارتۇقتىن قۇرۇق قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ھۇزۇرلىنىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھەممە ئىشنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم شاھزادە، خانزادە، بەگزادە، ھەرەم خىزمەتچىسى، مەلىكىزادىلەرنىڭ ھەممىسى بەزمىخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر ئەزەم پۈتۈن سازچى ۋە ناخشىچىلارنى بەزمىخانىغا كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق باشلاپتۇكى، ئەييۇھەنناس، سازچىلارنىڭ چالغان سازلىرىنىڭ بىرى بوم، بىرى زىل، ناخشىچىلارنىڭ بىرىنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، بىرىنىڭ تۆۋەن. ئۇلار ئۆزلىرى بىلگەن سازلارنى چېلىپ، ناخشىلارنى ئېيتىپتۇ، خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزا، ئوغلاق، تايچاقلارنىڭ ئاۋازىدەك بەزمىخانىنى بىر ئاپتۇ. قۇلاقنى يارغۇدەك بۇ ئەبجەش ئاۋازدىن ھېچكىم ھېچ نەرسە ئاڭلىيالماپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى دەرغەزەپ بولۇشۇپ، ۋەزىر ئەزەمگە ئالىيىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان ۋەزىر ئەزەم ئىشارەت بىلەن سازچىلار ۋە ناخشىچىلارنى توختىتىپتۇ. پادىشاھ:

— نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىق بۇ، بۇنى قانداقمۇ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش دېگىلى بولسۇن؟ ! كىمنىڭ نېمىگە چالغانلىقىنى، نېمىگە ئېيتىۋاتقانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولسۇن؟ ! — دەپ كايىپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن ۋەزىر ئويلىنىپ، سازچى، ناخشىچىلارنى يەككمۇيەككە ئورۇنداشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. سازچىلار قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ناخشىچىلارنىڭ گاللىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ بىر ئازمۇ خۇشال بولماپتۇ، ئەكسىچە چىرايى بارغانچە تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەلپازىغا قاراپ كۆڭلى غەشلىك ئىچىدە بەزمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. سازچى، ناخشىچىلار پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن رەھمەت دېگەن بىرەر ئېغىز گەپمۇ ئاڭلىيالماي قايتىشىپتۇ. كېيىن پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى بەزمىدىن ئازراقمۇ ھۇزۇر ئالالمىغانلىقىنى، ئېيتىلغان ناخشا، چېلىنغان سازلارنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغانلىقىنى، ئەمدى باشقا سازچى ۋە ناخشىچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ كۆڭلىنى ئېچىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر: «باش ئۈستىگە» دەپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەم ـ قايغۇغا پاتقان ھالدا نەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ سازچى ۋە ناخشىچىلارنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يەنە شەھەرگە چىقىپتۇ. ئۇيان ئايلىنىپتۇ، بۇيان ئايلىنىپتۇ، بىرەر سازەندە، ناخشىچى ئۇچرىتالماي بېشى قېتىپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا، يىراقتىن بىر غەيرىي تىۋۇش ئاڭلىنىپ بارغانچە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ۋەزىر تاقەت قىلالماي، ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر دېھقان ياغىسىراپ كەتكەن يارىيار ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقۇدەك. ۋەزىر دەرغەزەپ بولۇپ لەشكەرلەرگە بۇ دېھقاننى ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. بىگۇناھ دېھقان بەدەر قېچىپتۇ. ۋەزىر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كىشىلەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىغىچە زەن قويۇپ كېتىۋاتسا، بىر ئۆيدىن «دۇككا ـ دۇك، دۇككا ـ دۇك، دۇژ ـ دۇژ» قىلغان بىر خىل رىتىمدىكى ئاۋاز چىقىۋاتقان. ۋەزىر دەرھال لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرگۈدەك بولسا، ناماتمان دېگەن تاز دۇكان قۇرۇپ يۇڭ تىتىۋاتقانىكەن. ۋەزىر ناماتمان تازنىڭ قولىدىكى «ساز»نى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يۈرىكى يايراپ

www.uyghurkitap.com

كېتىپتۇ ۋە ئۇنى ئۇدۇل ئوردىغا باشلاپ بېرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ، پۈتۈن شەھەردىكى سازەندە، ناخشىچىلار مېنى خۇشال قىلالمىغان يەردە بۇنىڭغا مېنى خۇشال قىلالىشى ناتايىن، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئاڭلاپ باقاي، دەپ ئويلاپ:

— ھەي تاز، بۇ قانداق ساز؟ — دەپ سوراپتۇ. ناماتمان تاز قىلچە تەپ تارتماي:

— ساتارنىڭ دادىسى، دۇتارنىڭ بوۋىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداقتا چېلىپ باقمامسەن، — دەپتۇ.

ناماتمان تاز دۇكىنىنى قورۇپ، چىرايلىق ياسىۋالغان ياغاچ موستەك بىلەن زەيگە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ «ساز»نىڭ مۇڭىدىن يۈرىكى ئېرىپ، كۆزى يۇمۇلۇپ، سازنىڭ رىتىمىغا تەڭكەش بولۇپ، بېشى ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان لىڭشىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر پادىشاھقا قاتتىق يارىدى، دەپ خۇش بولۇپ ئولتۇرالماي قاپتۇ. ناماتمان تاز بۇ قىسمەتلەردىن ئەقلى ھەيران بولۇپ، زور ئىشتىياق بىلەن «ساز»نى توختاتماي چېلىۋېرىپتۇ. ئالاھازەل نەچچە سائەتتىن كېيىن پادىشاھ توختاش ئىشارىتىنى قىپتۇ ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ناماتمان تازنىڭ چالغانلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ. ناماتمان ھەممە ئىشنى ئىچىدە بىلىپ، كۈلكىسىنى ئىچىدە كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئاخىردا پادىشاھ ناماتمان تازغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ ھەمدە ھەپتىدە بىر كۈن كېلىپ ساز چېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ناماتمان توساتتىن كەلگەن بۇ ئامەتتىن خۇش بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

# مازاقخور مازاقتائۆلەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ زىبا-لىقتا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان تۆت قىزى بار ئىكەن. قىزلار رەسىدە بولۇپ بويىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سودى-گەر ھېچقايسىسىنى ياتلىق قىلماپتۇ. «قىزلىق ئۆي — خان كۆۋرۈكى» دېگەندەك، يېقىن - يىراقلاردىن ئەلچىلەر كەپتۇ، لېكىن ئۇلار ھەسرەت بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. چۈنكى، قىزلارنىڭ كەنجىسى تولىمۇ مازاقخور بولۇپ، كەلگەن يىگىت-لەرنى ياراتماي مازاق قىلىدىكەن.

قىزلارنىڭ يۇرتىغا يىراق بولغان يايلاقتا بىر چارۋىچى ياشايدىكەن، ئۇنىڭ راسا قۇرامىغا يەتكەن ئۈچ ئوغلى بار ئى-كەن. ئوغۇللارنىڭ چوڭى پەم - پاراسەتلىك يىگىت بولۇپ، ئىسمى مۇرادىل ئىكەن. ئۇ مال بېقىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزلارنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، ئىككى ئى-نىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈنلۈك يولنى توپتوغرا بىر يېرىم كۈندە بېسىپ چۈش بولاي دېگەندە، مەن-زىلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ سودىگەرنىڭ قورۇسىغا قەدەم بېسىپتۇ.

ئۆيدە سودىگەر يوق ئىكەن. قىزلار ئۇلارنى قىزغىن قار-شى ئېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئالدىغا داستىخان ساپتۇ.

www.uyghurkitap.com

داستىخانغا بىر پەتنۇس بۇغداي قومىچى قويۇپ يىگىتلەرنى قوماچ يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزلىرىمۇ داستىخانغا كېلىپ ناز بىلەن ئولتۇرۇشۇپتۇ. قىزلار ياقىسىدىن بىر يىڭنە چىقىرىپ، بۇغداي قومىچىنى يىڭنە بىلەن سانجىپ ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. يىگىتلەر دەسلەپتە بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ. كېيىن قىزلارنىڭ چىرايلىق تەكلىپلىرى بىلەن قوماچنى ئوچۇملاپ ــ ئوچۇملاپ ئېلىپ يەپ، ھايت ــ ھۇيت دېگۈچە پەتنۇسنى بىكارلاپ قويۇپتۇ. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، مۇرادىل ئورنىدىن قول باغلاپ تۇرغىنىچە ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ.

قىزلارنىڭ چوڭى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمدىلا: «ئوبدان، ئوبدان» دەپ، گەپ باشلاپ بولغۇچە ھېلىقى مازاقخور كەنجى قىز مىيىقىدا كۈلۈپ:

ــ ۋاي بولدىيەي، سىلەر بەكمۇ ئاچ كۆز، تويمىغۇر ئىكەنسىلەر. بىز سىلەرنىڭ خىلىڭلار ئەمەس. ئۆز خىلىڭلارنى سەھرادىكى دوتەينىڭ پوتىيىدىن تېپىۋېلىڭلار، ــ دەپ گەپنى ئۈزۈپتۇ. ئاچىلىرى بولسا لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراشقا مەجبۇر بوپتۇ. چوڭ ئۈمىدتە كەلگەن يىگىتلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كەلگىنىگە پۇشايـ



مان قىپتۇ، بولۇپمۇ مۇرادىل ئىنىلىرىنىڭ ئالدىدا بەك خىجىل بوپتۇ. ئۇ ئۈن - تىنسىز چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاشخانىدىكى قازاندا بىر تورپاقنىڭ كاللا - پاچىقى پورۇقلاپ قايناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، دەرھال كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. ئۇ ئىنىلىرىنى ئۆينىڭ ئارقىسىغا باشلاپ كېلىپ:

— ئىنىلىرىم، بىزنى مازاق قىلغان شۇ مازاقخور قىزنى بىزمۇ راسا كېلىشتۈرۈپ بىر مازاق قىلىپ قويايلى، — دەپتۇ ۋە ئىنىلىرىنى ئاستاغىنا ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسىگە باشلاپ چىقىپتۇ. ئۇلار تۈڭلۈكتىن ئاشخانىغا قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بىر پەستىن كېيىن قىزلار ئاشخانىغا يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ تولىمۇ ئالدىراشلىق بىلەن قازاندىن كاللا - پاچاقلارنى ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قىزلارنىڭ كەنجىسى تورپاقنىڭ بىر قۇلىقىنى ئاپتۇ - دە، پۈۋلەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي قىزىق پېتى ئاغزىغا ساپتۇ. دەل شۇ پەيتتە تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپ تۇرغان مۇرادىل:

— بەللى، ئاش - تاماققا كۆز - قارنى توق پاشاقىز، قوماچ پاتمىغان ئېغىزلىرىغا تورپاق قۇلىقى بوش كەلدىغۇ دەيمەن، — دېگىنىچە ئىنىلىرى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇ تاسادىپىي مەسخىرىدىن بەك ئوسال بولغان مازاقخور قىز ئاغزىدىكى تورپاق قۇلىقىنى يا چىقىرىۋېتەلمەي، يا يۇتۇۋېتەلمەي نەپەسسىز قاپتۇ - دە، شۇ يەردە يىقىلىپ جان بېرىپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە مۇرادىل ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى سودىگەرنىڭ قالغان ئۈچ قىزىغا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بوپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. «مازاقخور مازاقتا ئۆلەر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن ئەل ئىچىگە تارقالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# گۈل قىز

بۇرۇن بۇرۇنىسىدا بىر يېزىدا بىر تۇل ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق ئىكەن. بۇلارنىڭ پەقەت بىر سىغىن كالىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ سۈت - قېتىقلىرىنى سېتىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بۇ ئايال ھېيت - ئايەم كۈنلىرى غېرىبسىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئازغىنە تاپقان پۇلىغا ھېيتلىق ياغ، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويۇپتۇ. قىزى بولسا، تولىمۇ گول ۋە دۆت ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەي بىر كۈنى ئاپىسىدىن:

— ئاپا، بىز بەزىدە توق، بەزىدە ئاچ ياشايدىكەنمىز، يىغىپ قويغان گۈرۈچ ۋە ياغلارنى يېمەيمىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى جاۋاب بېرىپ:

— قىزىم، بىزنىڭ باراتمىتىكام، روزىمىتىكام، ھېيتمىتكام دەيدىغان تۇغقانلىرىمىز بار، ئاشۇلار كەلگەندە يەيمىز، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىز سىرتلارغا ئوينىغىلى چىققاندا كۆرگەن - بىلگەنلىرىگە:

— مېنىڭ ئاپام بىرمۇنچە گۈرۈچ ۋە ياغ يىغىپ قويىدى. «قاچان يەيمىز؟» دېسەم، بىزنىڭ باراتمىتىكام، روزىمىتىكام،

ھېيتمىتىكام دەيدىغان تۇغقانلىرىمىز بار، ئاشۇلار كەلگەندە يەيمىز دەيدۇ، — دەپ ماختىنىپ يۈرۈپتۇ.

بۇ گەپ قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ يىراق بىر يېزىدىكى «ئادىمىي شەيتان» دەپ ئاتالغان موللا يۈسۈپنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. موللا يۈسۈپ تاپسا يەپ، تاپالمىسا ئاچ قورساق يۈرىدىغان، ئەپ تاپسا كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ جان باقىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ پەيت كۈتۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ئايال قىزىنى ئۆي باققىلى قويۇپ بازارغا كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان موللا يۈسۈپ يەنە ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ بۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قىزدىن:

— ئانىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بازارغا كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ موللا يۈسۈپ، — بىز سىزنىڭ تاغىلىرىڭىز بولىمىز، ئاۋۇ كىشى باراتمىتىكام، ئاپىڭىزنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. ماۋۇ كىشى ھېيتمىتىكام، ئۇ ئاپىڭىزنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئاكىسى بولىدۇ. روزىمىتىكام دېگەن مەن، ئاپىڭىزنىڭ كىچىك ئاكىسى بولىمەن. بۈگۈن سىلەرنى يوقلاپ كەلگەندۇق.

بۇنى ئاڭلىغان قىز ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئاپىسى يىغىپ قويغان ھېيت تەييارلىقى بىلەن كەچكىچە ئۇلارنى مېھمان قىلىپ ھەممىنى تۈگىتىپتۇ. كەچقۇرۇن ئاپىسى بازاردىن قايتىپ كېلىپتۇ. قىز ئاپىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ۋاي ئاپا، سەن ماڭا دېگەن باراتمىتىكام، روزىمىتىكام، ھېيتمىتىكام دېگەن تۇغقانلىرىڭ كەلگەنىكەن، ناھايىتى ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويدۇم، — دەپتۇ.

ئاپىسى، بۇ نېمە دەيدىغاندۇ دەپ، ئۆيگە كىرىپ قارىسا،

يېمەي ـ ئىچمەي يىغىپ قويغان گۆرۈچ بىلەن ماي، قاي-
ماقلارنىڭ ھەممىسى يوق تۈرغۈدەك. ئايال قاتتىق غەزەپلىنىپ:
— ھەي ئەخمەق، ئادەم شۇنداقمۇ دۆت بولامدۇ! بارات-
مىتىكام دېگەن بارات ئېيى، روزىمىتىكام دېگەن روزا ئېيى،
ھېيتمىتىكام دېگەن ھېيت ئەمەسمۇ! ئەمدى بىز نېمە يەي-
مىز! — دەپ، قىزىنى راسا دۇمبالاپتۇ.



# بىلمەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر - بىرىدىن «بىلەرمەن» ئەر - خوتۇن بولغانىكەن. خوتۇنى ئېرىگە بىر مەسلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەيلا «بىلىمەن» دەيدىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا «بىلىمەن» دەپ تۇرىدىكەن. بۇلار بىلەرمەنلىكنى ئۆيدىلا ئەمەس، يۇرت ئىچىدىمۇ قىلىشقا باشلاپتۇ. باشقىلار بىر نەرسە دېسىلا، «بىلىمەن» دەپ يۈرىدىكەن. كىشىلەر بۇلاردىن زېرىكىپ، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز، دەپ پاراڭلىشىۋاتسا، ھېلىقى «بىلىمەن» كېلىپ قېلىپتۇ:

— بىلىمەن، سىلەر بىكارلا قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇسىلەر، — دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىلگەن يولغا كېتىدىكەن.

بىر كۈنى «بىلەرمەن» بازارغا بېرىپتۇ، ئۇياق - بۇياقتا مېڭىپ مال كۆرۈپتۇ. بىر بوۋاي، ئۆز لايىقىدا خېرىدار چىقسا ساتارمەن دەپ، بىر چاپاننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ چاپان بوۋايغا تۆتىنچى بوۋىسىدىن قالغانىكەن. بۇ چاپاننىڭ خىسلىتى «ئۇچ چاپىنىم» دېسە ئۇچىدىكەن، «چۈش شەيتىنىم» دېسە چۈشىدىكەن. «بىلەرمەن» باي بوۋاينى كۆرۈپ، قىچقىرىپ سوراپتۇ:

— بۇ چاپاننى ساتامسەن؟

— ساتىمەن، تەقسىر.

— ساتىدىغىنىڭنى بىلىمەن، — دەپتۇ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، كۆڭلىگە ياققاندىن كېيىن، — باھاسى قانچە؟

— بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق، تەقسىر، ئون تەڭگە بەرسىلە.

— پاھ، پاھ، سېنىڭ باھا قويىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. بازار دېگەندە ئوشۇق گەپ بولىدۇ. تۆت تەڭگە بېرەي.

بوۋاي توققۇز تەڭگىگە چۈشۈپتۇ. «بىلەرمەن» باي بەش تەڭگىگە چىقىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يەتتە تەڭگىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ يەتتە تەڭگە قىلىپ قويىدىغىنىڭلارنى بىلىمەن. ئۇنىڭدا قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. ماقۇل، بەش يېرىم تەڭگە، بولامدۇ؟

«بىلەرمەن» باي تۆمۈردەك قاتتىقلىق قىلىپ، ئالتە تەڭگىگە ئاپتۇ. پۇلنى ساناپ بېرىۋېتىپ، بوۋايغا:

— سېنىڭ ئالتە تەڭگىنى كۆزلەپ تۇرغىنىڭنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— تەقسىر، بۇ چاپاننىڭ بىر خىسلىتى بار... — دېيىشكە، گەپنى كېسىپ:

— بىلىمەن، چاپان دېگەننىڭ نېمە خىسلىتى بولاتتى، — دەپتۇ. بوۋاي يەنە:

— ياق، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، بۇ چاپاننى كىيىپ، «ئۇچ چاپىنىم» دېسىلە ئۇچىدۇ. چۈشىدىغان چاغدا... — بوۋاي سۆزىنى تۈگەتكۈچە، «بىلەرمەن» باي يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ:

— بىلىمەن، ھەي، بىلىمەن! ئالتە تەڭگىلىك چاپان ئەلۋەتتە ئۇچىدۇ - دە، — دەپ گەپنى ئاخىرىنى ئىڭىشىمايلا، چاپاننى قولتۇقلاپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ:

— ھەي خوتۇن، ھاي باللىنىڭ ئانىسى، مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم...

— ھە، نېمە دەيلا؟ بازارغا بارغاندىن كېيىن چاپان ئې-لىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، — دەپتۇ خوتۇنى.

— توختا، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ، ئاسمانغا چىقىپ، دۇنيانى كۆرىمىز.

— ۋېيەي، تازىمۇ ئوبدان چاپانكەنغۇ! مۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىقىنى بىلىمەن. قېنى، كىيىپ باقسىلا.

«بىلەرمەن» باي چاپاننى كىيىپ، «ئۇچ چاپىنىم» دەپتى-



www.uyghurkitap.com



كەن، چاپان تەۋرىنىپ، ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. خوتۇنى تۆۋەندە تۇرۇپ:

— ۋاي دادىسى، چۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا! — دەپتۇ.

— هەي ئەخمەق، سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، — دەپ، ئېرى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، دەرەخ بويى ئۆرلىگەندە بېشى قېيىپ، چۈشۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، «چۈش چاپىنىم» دېسە، چۈشمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ زادى چۈشۈرەلمەپتۇ، ئاخىر بولمىغاندىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ، — ۋاي خوتۇن، مېنى تۇتۇۋال، مېنى تۇتۇۋال! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بىلىمەن، سېنى مەن تۇتۇۋالمىسام چۈشەلمەيسەن» دەپ، ئېرىگە قاراپ، دۆڭمۇ دۆڭ، تاغمۇ تاغ يۈگۈرۈپتۇ. ئېرى بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. خوتۇنى هاسىراپ - هۆمۈدەپ تاغقا چىقىۋاتقاندا، پۇتى سىيرىلىپ كېتىپ دومىلاپ كېتىپتۇ، تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. ئېرى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ يوقىلىپتۇ، خوتۇنىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ. «ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن» دېگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# ئەينەك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇ ئىقلىمنىڭ تولىسىدىلا ئىشلار ناھايىتى ئاددىي ئىكەن، كىشىلەر ناھايىتى ساددا ئىكەن.

شۇ زامانلاردا بىر ئەر - خوتۇن بولۇپ، ئەرنىڭ ئېتى ئۆستىقول، خوتۇننىڭ ئېتى ئايخان ئىكەن. ئېرى ھۈنەرگە تىرىشچان، خوتۇنى ئۆيدە ئىشچان، شۇنداق بىللە ياشايدىكەن. ئەمما، بۇلارنىڭ ئوقىتى زادى ئىلگىرى باسماپتۇ، قانچە قىلىپ باقسىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆستىقول:

— خوتۇن، مەن ئەمدى بۇ كىچىككىنە ئاسمىنى ئەگلەكتەك شەھەردە ئولتۇرۇۋەرمەي، چوڭراق بىر شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كەلسەم قانداق بولار؟ ئەگەر سەن رازى بولساڭ، ئاتا - ئاناڭدىنمۇ بىر رازىلىق ئېلىپ بەرگىن، بىچارە ساددا ئادەملەر ئىشنى ئۇقۇپ، ئۆزلىرى يولغا سالغىنى ياخشى، — دەپتۇ.

شۇ چاغقىچە ئېرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئۆي ئىشىدىن باشقىغا قايرىلىپ باقمىغان بىچارە ساددا خوتۇن ئۇنىماپتۇ:

— قويسىلا، كۆڭلۈم ئەنسىرەيدۇ... — دەپ يىغلاپتۇ.

ئۆستىقول:

— سەپەر قىلماق بوۋايلاردىن قالغان. «يالچىمىساڭ يەر يۆتكەل» دەپتىكەن، يۆتكىلىپ كۆرەي، ئىككىمىزنىڭ بەختى،

بىر ئايلىنىپ كېلەي، — دەپتۇ. خوتۇنى ئاخىرى كۆنۈپتۇ، «بىزنى دىبىسلە چاپسان كەلسىلە جۇمۇ !...» دەپ كۆنۈپتۇ. قىيناتىلارمۇ ئاڭلاپ، ئاخىرىدا رازى بوپتۇ، «بارسۇڭ كەلمىسۇن يولدىن ئۆزۆك ساقلىغايسەن خۇدايىم !» دەپ دۇئا قىلىپ، يولغا ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆستىقۇل جاھاننىڭ نىرىسىغا ئالتە شەھەرنىڭ بىرىگە، بولغاندىمۇ يوغىنىغا، ھەممىگە داڭلىق بولغىنىغا رەببىم دەپ راۋان بوپتۇ.

كۆنلەر ئۆتۈپ، ھەپتىلەر كەپتۇ. ھەپتىلەر ئۆتۈپ، ئاي كەپتۇ. ئۆستىقۇلنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ساي كەپتۇ. ئۇ ساي كەلسە، سۇينى پاچاق تۇرۇپ كېچىپتۇ، چۆل كەلسە، يانتاقنىڭ سۇينى سىقىپ ئىچىپتۇ، دەريا كەلسە ئۈزۈپتۇ، خورجۇنىغا بېلىقنى سۇزۇپتۇ، ئىشقىلىپ، مىدىرلاپ، جاننى ئەپلەپ بېقىپتۇ، جاڭگاللاردىن يول تېپىپ، لەڭگەرلەردىن پۇل تېپىپ، مەنزىلگە ئاران يېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، ھوشىغا كېلىپ قارىسا، راست دېگەندەك چوڭ شەھەر... ۋاراڭ - چۇرۇڭ، مىڭ غوۋغا كېچە - كۈندۈز، شامۇ سەھەر. ئۆستىقۇل شەھەرنىڭ ئەلمى - تەلمىلىرىنى بىلىپ، ئاستا ئوقەتكە كىرىشىپتۇ، ئۆز شەھەرىدە يوق ھۈنەرلەرنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئايلار ئۆتۈپ، يىل كەپتۇ، يازلار ئۆتۈپ، قىش كەپتۇ، ئەمدى ئۆستىقۇلنىڭ قولىدىنمۇ يىڭى - يىڭى ئىش كەپتۇ، كۆزلىرىمۇ ئېچىلىپتۇ، ئەمما پىكرى چىچىلىپتۇ. قارىسا چوڭ شەھەر دېگەن باي كېلىدىكەن، بارغا سۇزۇك سۇ، يوققا لاي كېلىدىكەن. بازىرىمۇ چوڭ ئىكەن، يەتتە ئىقلىمدىن تۇرلۇك تۇگىمەس مال كېلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرلۇك تويماس گال كېلىدىكەن. ئۇ چوڭ شەھەرنى شەھەر قىلغان كىچىك شەھەر ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى بىزنىڭ شەھەر ئىكەن، ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟ ئاي خېنىمدەك يار بارمۇ دەپ، ئۆز شەھە-

ـرىگە كېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ، كەتمەي بولماپتۇ، كەلگىنىگە
پۇشايمان قىلىپ، شۇنداق بولسىمۇ بىر خالتا سايمان قىلىپ،
خوتۇنىغا ئېلىپ ئەينەك سوۋغا، ئاستىغا ئېلىپ بىر يورغا،
بىر كۈنى يولىغا راۋان بوپتۇ. مىڭ مۇشەققەت ـ جاپا يولمۇ
ئاخىرى تامام بوپتۇ. ئۇستىقۇل تازا ھېرىپ ـ ئاچقاندا، ئۆ-
يىگە يېقىن قالغاندا، كەچ كىرىپ زاۋال بوپتۇ، بىر لەڭگەرگە
كېلىپ سايمان خالتىسىنى لەڭگەرچىگە بىر كۈنلۈك ئامانەت
قويۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى ئامانەتنى ئۇنتۇپ، سوۋغىتىنى
كۆتۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇستىقۇل تاڭ بىلەن تەڭ ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ،
كەلسە، ئايخان ئامان، چىرايلىرى سامان. ئىككىسى كۆرۈشۈپتۇ،
خۇشال بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇستىقۇل دەررۇ خۇرجۇننى ئېچىپ:

— خوتۇن، ساڭا ئاجايىپ بىر سوۋغات ئەكەلدىم. قارد-
ساڭ ۋال ـ ۋۇل بىر نېمە، ئۆزى بۇ يۇرتتا يوق نېمە، ئېتى
بۇنىڭ «ئەينەك»، ساڭا ئوخشاش ئايدەك... — دەپ، يەڭلىكتەك
ئوراقلىق بىر نەرسىنى
خوتۇنىغا بېرىپتۇ، بې-
رىپلا ھويلىغا يۈگۈ-
رۈپتۇ: «خوتۇن، يولدا
بىر نەرسەم ئۇنتۇلۇپ
قاپتۇ، ئەكېلىۋالمىسام
بولمايدۇ، قېيناتىلىد-
رىمغا سالام دە...»
دەپ، چىققان بويى ئات-
قا مىنىپ يەنە يولغا
راۋان بوپتۇ.



ئايخان يېرىم خۇ-

شال ئۆيگە كىرىپ، سوۋغاتنى ئېچىپ قولىسىدا راست يوغان بىر سۈزۈك تاش، ئۇچىگە قارىسا تۇرغۇدەك بىر تال قاش... ئايخان ئېسىنى بىلمەي، ۋال - ۋۇل تاشنى تۆرگە يۆلەپ قو- يۇپ، كۆزىنى راسا بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىسا، ھېلىقى چىقىدىغان يەنە تۇرغۇدەك. شۇ يەردىن ئايخان: «ۋاي ئۆلەي، نېمىكىنى دەپتىمەن، ئايدەك... سوۋغات دەپ ئۇستۇمگە خوتۇن ئېلىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ؟ ! ئىسىت ئەقىدەم !» دەپ، يىغلىغان بويى دادلاپ، تام قوشنا ئانىسىنىڭكىگە يۈگۈرۈپتۇ...

ئانا ھەيران بولۇپ:

— تۇزۇك سۆزلە، قىزىم، توۋا دېگىن... — دەپ ئىشەن- مەپتۇ. ئاخىرى قىزىنىڭ داد - پەريادىغا چىدىماي، كۈيئوغ- لىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، تۆردە بىرنېمە پارقىرىغۇدەك. يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر قېرى خوتۇن تۇرغۇدەك. چاندۇرماي «ئەسسالام، تىنچ - ئامان كەللە، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا» دەپ، يۇقىرىغا مىدىرلاپ قويۇپ، مىڭ قىلسىمۇ ئۆزىنى تۇتال- ماي ئۆيدىن غىپپىدىلا يوقىلىپتۇ. تالاغا چىقىپلا پېشانىسىگە مۇشتلاپ: «ۋاي ئۆلەي، راست ئىكەن ئەمەسمۇ، قانداق قىلار- مىز، نېمىدېگەن سەتچىلىك...سوۋغىتى قۇرۇسۇن !...» دەپ، يىغلاپ ھويلىسىغا يۈگۈرۈپتۇ، چىقىپ قىزىغا قوشۇلۇپ، ھويلا - ئارامنى بېشىغا ئاپتۇ. ئاڭغىچە قېيىناتا ناماز بامدات- تىن يېنىپ، ئەسنەپ مېڭىپ، ھويلىسىغا كىرىپتۇ، كىرسە خۇددى ھازىنىڭ ئاۋازى. ئانا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ۋاي قارىماملا، ئاتىسى، قوزىدەك كۈيئوغلىمىز: «ھو- نەر تېپىپ كېلىمەن» دەپ، بۇزۇلۇپ كەپتۇ، بۇزۇلۇپ ... — دەپ، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋېتىپتۇ. ئاتا:

— ۋاي، قانداق بۇزۇلۇپتۇ؟ ئېچىپ ئېيتساڭچۇ. خۇدا نېمە بالا ئەۋەتكەندۇ بۇ يۇرتقا ! — دەپ پېشىنى قىستۇرۇپ

پىرقىراپتۇ. ئانا:

— بىرى كەلسىلە، قۇلاقلىرىغا ئېيتاي، جۇۋاينىمەك كۇيئوغلىمىز ئايدەك قىزىمنىڭ ئۇستىگە مەندەك بىر قېرى خوتۇننى ئېلىپ كەپتۇ. ياقا يۇرتقا بارمىسۇن دېسەم ئۇنىمىدىلا، مانا شەرمەندىچىلىك، تويسىلا! قىزىم ئەمدى ئۇ قېرىدىنىڭ قولىدا نېمە كۇنلەرنى كۆرەر! ئاللا خۇدايىم، ئاللا! — دەپ، ئاھ ئۇرۇپ توۋلاپتۇ. ئاتا ئەمدى كايىپتۇ:

— توۋلىما ئانىسى، توۋا دە، قېنى، ئۇ خوتۇن قەيەردە؟ مەن بىر كۆرەي، يۇر! — دەپتۇ. ئانا زادى ئۇنىماپتۇ:

— مېنى ئۇ يەرگە سۆرىمەي، كۆرۇپ چىقسىلا ئۆزلىرى. كۆزۇم كۆرمىسۇن ئۇ دەللە، باشقا بالا قېرىنى! — دەپ يەنە يىغلاپتۇ.

ئاتا شۇ يەردىن ئاستا كۇيئوغلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، تۆرگە شۇنداق قارىسا، بىر سۇزۇك تاش پارقىراپ تۇرغۇدەك، ئېگىشىپ قارىسا، بىر ئاقساقال ئادەم...

— ئەسسالامۇئەيكۇم قۇدا، بۇيان كەپلا، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر، ۋاي ئولتۇرسىلا! — دەپتۇ. «مېھمان» شۇنداق ئولتۇرۇشىدىغا، ئاتا قايرىلغان بويى لىپلا قىلىپ ئۆزىنى تالاغا ئاپتۇ. تالاغا چىقىپ ساقلىنى تۇتاملىغان پېتى ئۆيىگە يۇگۇرۇپتۇ...

— ۋاي ئانىسى، راست ئىكەن. سەن دېگەن خوتۇن ئۆزىدىنى چەتكە ئالدى ئېھتىمالىم، مەن كىرسەم ئۇ خوتۇننىڭ دادىسى ئولتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ. ئانا:

— ۋاي تېخى ئۇ قېرىنىڭ دادىسىمۇ بىللە كەپتىمۇ، مانا كەلگۇلۇك! تويۇڭ... — دەپ، چۇقاننى باشقىدىن كۆتۇرۇپتۇ...

ئاخىر بۇ ئىككى قېرى نېرى - بېرى ئويلاپ، ئاخۇنۇمغا خەۋەر قىپتۇ. ئاخۇنۇم كەپتۇ، كېلىپ «تەقدىر» دەپتۇ. دەۋاگەرلەر ئۇنىماي سۆزلەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سادىغىلىرى بولايلى، ئاخۇنۇم، دەرسىمىزگە يەتسىلە ! يالغان بولسا، ئۆزلىرى كىرىپ كۆرۈپ كەتسىلە، خىزمەتلىرىنى ئۆتەيلى، چارىلىرىنى كۆتەيلى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاخۇنۇم: «مەنمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە» دەپ، ئۇستىقۇلىنىڭ ئۆيىگە يول ساپتۇ، كىرىپ تۆرگە كۆز ساپتۇ، قارىسا يوغان سىلىق تاش، ۋال - ۋۇل قىلغۇدەك، يېقىن كەلسە ئۆزىدەك بىر ئاخۇنۇن تۇرغۇدەك...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تەقسىر ! — دەپ، شۇنداق قول ئۇزاتسا، تىماق تېگىپ تاشقا، ئوت تۇتىشىپتۇ باشقا. ئاخۇنۇم يامان قورقۇپتۇ، «ئايتەلكۇرسى»نى ئوقۇپتۇ، تالاغا قاراپ ھاسىسىنى ئاران - ئاران چوقۇپتۇ.

ئاخۇنۇم تالاغا چىقىشىغا، دەۋاگەرلەر كېلىپ قېشىغا:

— كۆردىلىمۇ، تەقسىر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاخۇنۇم دۇدۇقلاپ:

— كۆردۇم، ئەمما، لېكىن...ئۇ خوتۇن بىلەن «قۇدا» يوق. تۆرگە قارىسام بىر ئاخۇنۇم مۇزدەك پارقىراپ تۇرىدۇ، ئېھتىمالىم ئۇ ئۆزى سىلى دېگەن خوتۇنىنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. كۆرۈشەيلى دېسەم قوللىرى تاش، ئەزايى باشقا... تىترەپ قالدى تېنىم... ئۆزى ساقلىغاي پىرىم، — دەپتۇ.

قېينانا تېخىمۇ غەم - قايغۇغا چۆكۈپتۇ.

— دۇنيايىمىز كەتسىمۇ، بېشىمىزنى سىلى ئوڭشاپ قويسىلا، ئاخۇنۇم، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم دۇنيانى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا، شۇ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە يۇرتقا بىر چاي قويسىلا، ۋاللاھۇئەلەم، شۇ ۋاقىتتا ئاندىن بىر گەپ بولۇپ قالار، — دەپ، ئۆيىگە كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەردى - بالا تېخىمۇ يوغىناپ چوڭ بوپتۇ، بىردەمدىلا بۇ ۋەقە يۇرت ئىچىگە پۇر بوپتۇ.

پېشىنغا قالماي ئۈستىقۇل كەلسە، خوتۇنى يوق ئۆيدە، خورجۇنلىرى تاشلاقلىق، ئەينەك تۇرغۇدەك تۆردە. ھەيران بولۇپ ئۈستىقۇل قېيناتىسىنىڭكىگە چىقىپتۇ، چىقسا ۋاڭ ـ چۇڭ، تا ـ پا ـ تەنە، ھەممە ئۇنىڭدىن قېچىپتۇ... ئۈستىقۇلنىڭ بېشى قېتىپتۇ، كېيىن ئويلىسا، ھەممە گەپ ــ سىر «تاش»تا، ئۇ ـ قۇشماسلىق تۇغۇلۇپتۇ، چۈشەندۈرمىگەچكە باشتا. شۇ يەردىن ئۈستىقۇل ئولتۇرۇپ، بىر خاپا بولۇپ، بىر كۈلۈپ، نېمە قى ـ لىشىنى بىلمەپتۇ. قېيناتىسىغا ئۆزۈر قويۇپ، ئايخاننى ئۆيگە يۈر دەپتۇ. ئايخان يىغلاپ، ئېيسەدەپ «ئۆيدە ئۇ تۇرسۇن يا مەن...» دەپ چىقىشقا زادى كۆنمەپتۇ. قانچە قىلسىمۇ، بەۋا كەل ـ مەپتۇ سۆز ـ تەزىم، ئۈستىقۇل ئەمدى قانداق قىلىش لازىم؟

ئۈستىقۇل ئاخىر ئۆيگە قايتىپ، ئەينەكنى ئېلىپ چى ـ قىپتۇ، قېينانا، قېيناتا، ئايخان دەرقەمتە تۇرغاندا ئاستا ئې ـ لىپ قويىنىدىن ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۇتۇپتۇ. ئىككى قېرى ھەيران بولۇپ، ئەينەككە داجىپ قاراپتۇ. ئايخان قارىسا ئەينەككە، ئاتا ـ ئانىسى تۇرغۇدەك. ئاتا قارىسا ئەينەككە، ئانا بىلەن قىز تۇر ـ غۇدەك. ئانىسى قارىسا ئەينەككە، دادا بىلەن قىز تۇرغۇدەك. بۇ ئۈچەيلەن كۈلۈشۈپ، كۈيئوغلىغا قاراپتۇ، ئۇقۇشماسلىق كۆڭۈلدىن شۇندىن باشلاپ تارقىلىپتۇ. ئاندىن كېيىن كۈيئو ـ غۇل ئەينەكنى تۇتقۇزۇپ ئانىغا، ئۆتۈپتۇ قاتارغا. شۇ چاغ بۇلار قارىسا، كۈيئوغۇل ئەينەكتە تۇرغۇدەك. ئاتا سۆزىنى باشلاپتۇ:

ــ خاپا بولمىساق بولغۇدەك...

ئاخىر ھەممىسى ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشۈپتۇ، «خۇدايا توۋا...ھېكمەت» دەپ، ئۇزاققىچە كۈلۈشۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن ياخشى ـ خوپ بولۇپ قاپ ـ تۇ. ئەل ئىچىدە بۇ ۋەقە چۆچەك بولۇپ تارقىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مىس قازان

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ بىر مىس داش قازىنى بار ئىكەن. بۇ قازان تولىمۇ يوغان بولغىنى ئۈچۈن ئىشلىتەلمەپتۇ. ئۇ ئادەم بۇ قازاننى قازانچىنىڭ دۇكىنىغا ئىككى قازان قىلدۇ-رۇش ئۈچۈن ئاپىرىپ بېرىپتۇ. قازانچى بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە باشقىچە بىر خىيالنى پۈكۈپتۇ ـ دە:

— بولىدۇ، ئىككى قازان قىلىپ بېرەي، بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە، — دەپتۇ.

قازاننىڭ ئىگىسى كېيىن كېلىپ:

— ئۇستام، قازان پۈتتىمۇ؟ — دەپتىكەن،

— يوقسۇ، قازاننىڭ مىسى بەك بىزەپ بولۇپ كېتىپتۇ، ئىككى قازان چىقمىغۇدەك، — دەپتۇ قازانچى. قازان ئىگىسى:

— ئۇنداق بولسا، بىر قازان چىقار، بىر قازان بولسىمۇ يا-ساپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ئۇنداق بولسا، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەل-سىلە، — دەپتۇ قازانچى.

قازان ئىگىسى بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ كەلسە، قازانچى ۋايساپ:

— بىر قازانمۇ چىقمىدى، كۆرسىلە، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قازان ئىگىسى، — بىر چۆگۈنغۇ

چىقار، ھېچبولمىغاندا چۆگۈن ياساپ بەرسىلە.

قازانچى:

— ھەر نېمە چىقسا بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆرەيلى، — دەپتۇ.

قازان ئىگىسى دېگەن قارارادا كەلسە، قازانچى:

— ۋاي ئاكا، چۆگۈنگە تۇشلۇقمۇ مىس يوق ئىكەن، — دەپتۇ. قازان ئىگىسى:

— ئۇنداق بولسا، بىر قوشۇق ياساپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە، — دەپتۇ قازانچى.



قازان ئىگىسى كونىنى ساناپ بىر ھەپتىنى توشقۇزۇپ كەلسە، قازانچى يەنە:

— ۋاي ئاكا، قوشۇق ياسىغۇدەكمۇ مىس چىقمىدى، — دەپتۇ. قازان ئىگىسى خاپا بولماي، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئۇستام، بۇ قازان ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر نەمۇنە ئىدى، شۇ قازاننىڭ ئىزى يوقىلىپ كەتمىسۇن، ھېچبولمىغاندا بىر بىگىز چىقار. خاپا بولماي بىر بىگىز ياساپ بەرسىلە، — دەپتۇ. قازانچى «ماقۇل» دەپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن:

— ۋاي ئاكا، بىگىز قىلغۇدەك بىر نەرسىمۇ چىقمىدى، — دەپ قاپاقنى ئۈچۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

قازاننىڭ ئىگىسى ئۆز ئىشىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، دېمىنى سىرتقا چىقارماي ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئويلا - ئويلا، توختا، بۇ قازانچى قاراپ تۇرۇپ يوغان بىر قازاننى يەپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن بىر ئۆچۈمنى ئالاي، دېگەن يەرگە كېپتۇ، بىراق قانداق قىلىپ دەردىنى چىقىرىشنىڭ يولىنى تاپالماپتۇ.

قازانچى قازان ئىگىسىنى سادda كۆرۈپ، بىر پۈتۈن قازاننى يەپ كېتەلىگىنىگە تازا خۇشال بوپتۇ ۋە كېيىن ئويلاپ شاگىرتىغا:

— ئۇ ئادەم نېمە دېسە، ماقۇل دەيدىغان تازا ساددا ئادەم ئىكەن. بىز ئۇنىڭ قازىنى بىلەن قانائەتلەنمەي: «قازىنىڭىزنى بۇزۇپ ئىككى قازان قىلىشقا، ئاندىن چوڭ قىلىشقا، كېيىن بولماي قوشۇق قىلىشقا، ھەتتا بىگىز قىلىشقا بىر قاداق كونا ئەمگەك قىلدۇق. شۇ ئەمگىكىمىزنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىڭ» دەپ، ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دەپتۇ.

مەسلىھەت بويىچە، بىر كۈنى قازانچى شاگىرتى بىلەن

ئىككى ئىشەككە مىنىپ، ئىككى تاغارنى ئاستىغا سېلىشىپ، ھېلىقى قازان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. قازانچى يولدا شاگىرتىغا:

— مەن ئىككى تاغارنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىمەن، سەن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ سالا قىلىپ بەر. ئۇ تايىنلىق بىزگە خېلى بىر نېمە بېرىدۇ. «مۇشۇ بولار؟» دېسە، سەن «ياق، ئاز بولۇپ قالدى، يەنە ... يەنە...» دەپ تۇرغىن ! — دەپ جېكىلەپتۇ. ئۇلار قازان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە شاگىرتى ئىشىك ئالدىدا قاپتۇ. ئۇستىسى ئۆيگە كىرىپ:

— ئۇستام، ئەمگەك ھەققىمىزنى بېرىۋەتسىلە ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— قانچىلىك نەرسە بەرسەم بولار؟ — دەپ سوراپتۇ قازاننىڭ ئىگىسى. قازانچى بولسا تەمتىرىمەستىن تۇرۇپ:

— ئىشىك تۈۋىدە شاگىرتىم بار، ئۇ خالىس نەرسە، شۇ تالادا تۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلى بەرگەننى بېرىپ، «بولدىمۇ؟» دەپ شۇنىڭدىن سورىسىلا، — دەپتۇ.

ئۇزۇندىن بېرى قازاننىڭ ئەلىمىدە تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن قازان ئىگىسى ئىشىكنى ئېتىپ، ئوچاق يېنىدىكى يوغان بىر كالتەكنى ئېلىپ:

— مانا سىزنىڭ ھەققىڭىز ! — دەپ، قازانچى ئۇستىنى راسا ساۋاپ ھېرىپ كېتىپ، تالادىكى شاگىرتىدىن:

— بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

باياتىن بېرى ئۇستامغا قوناق سوقۇپ بېرىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىغان شاگىرت، ئۇستىسىنىڭ يولدىكى جېكىلىشى بويىچە:

— يوقسۇ، ئاز بولۇپ قالدى. يەنە ... يەنە... ! — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋارقىراپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇستىنى يەنە ئۇرۇپتۇ. ھېرىپ توختاپ:

— بولدىمۇ؟ — دېسە، شاگىرت:

— يەنە، يەنە ... — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى ئۇستىنى ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپ، ئاخىر ئىشىكنى ئېچىپ شاگىرتىغا:

— ئەمدى ئۆزىڭىز كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭ، بولار ئەمدى، — دەپتۇ.

شاگىرت كىرسە، ئۇستىسى يېرىم جان بولۇپ، تاياق زەربىدىن تولغىنىپ ياتقۇدەك. ئۇمۇ قورقۇپ كېتىپ، دەررۇ ئۇستىسىنى ئېشەككە ئارتىپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ.

بىر چاغدا ئۇستىسى كۆزىنى ئېچىپ شاگىرتىنى كۆرۈپ:

— ھوي، نېماناداق قىلىسەن؟ ئۇ ئۇرۇپ هارسا، سەن تالادا تۇرۇپ «يەنە» دەۋاتىسىنا، — دەپ جان ئاچچىقىدا تىللاپتۇ.

— ئۇستام، ئۆزلىرى يولدا كېتىۋېتىپ ئۆيدە «بولدىمۇ؟» دېسە، سەن تالادا تۇرۇپ «ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە...» دېگىن دېمەمىدىلا؟ مەن، قوناق بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، «بولدىمۇ؟» دېسە، «ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە...» دەۋېرىپتىمەن. ئۇنىڭ قوناق ئورنىغا كالتەك بەرگىنىنى مەن نەدىن بىلەي، — دەپتۇ شاگىرتى.

# پادشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۆزارتىشى

قەدىمكى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ تولىمۇ بېخىل بولۇپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىلا جىم-مىقتۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن كىشىلەر پايدا ئەمەس، خورلۇقلا كۆرىدىكەن.

بۇ باي بىر يىلى نۇرغۇن يەرگە بۇغداي تېرىپتۇ. ياز ئۆتۈپ، كۈزمۇ كەپتۇ. باي بۇغدايلىرىنى يىغىۋالماقچى بولۇپ، ئون ئورمىچى ياللىۋاپتۇ. كېيىن باي بۇلارغا كېتىدىغان پۇل-نىڭ جىقلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى قىسقارتماقچى بولۇپ، مۇنداق بىر پىكىرگە كەپتۇ ـ دە، خوتۇنىغا مەسلىھەت سېپتۇ.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ باي، — مۇشۇ ئون ئورمىچى پۈتۈن بۇغدايلىرىمىزنى ئوروپ بولغۇچىلىك كۈنى ئۆزارتقىلى بولارمۇ؟

— بۇ ئىش پادىشاھنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، سىلى بېرىپ پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسىلە، — دەپتۇ پىخسىق باي-نىڭ خوتۇنى. باي خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، سىلىگە بىر ئەرزىم بار ئىدى، — دەپتۇ باي.

پادىشاھمۇ بۇ باينى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن، شۇڭا

www.uyghurkitap.com

ئاۋۋال ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھە، ئەمدى ئەرزىڭنى ئاڭلاي، ئېيت ! — دەپتۇ.

— مەن نۇرغۇن يەرگە بۇغداي تېرىغانىدىم، — دەپتۇ باي، — بۇغدايلىرىم پىشىپ قاپتۇ. ئۇنى ئورۇش ئۇچۇن ئون ئورمىچى ياللىۋالدىم. شۇلارغا كۈننى ئۇزارتىپ بەرسىڭىز. ئۇنداق بولمىغاندا، بىر كۈنلۈك ئىشقا ئىككى كۈن كېتىپ، ئۇلار مەندىن ھەققى كۆپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، سەن ئورمىچىلارنىڭ قورسىقىنى تويـ-غۇزىسەن. ئۇلارنى ئېتىز بېشىغا ئېلىپ بېرىپ ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ ئۇزۇن چاپاندىن بىرنى كىيىپ، بېلىڭنى مەھكەم باغلاپ، تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ئولتۇرساڭ، كۈن ئۇزىراۋېرىدۇ. ئەگەر بۇ دېگەنلىرىمگە خىلاپلىق قىلساڭ، كۈن قىسقىراپ كېتىدۇ، بەلكى شۇ ھامان ئولتۇرۇپمۇ كېتىدۇ.

باي شۇ شەرتكە كۆنۈپ ئۆيگە بېرىپتۇ ـ دە، ئورمىـ-چىلارغا ئاش يېگۈزۈپ، ئۆزىمۇ پادىشاھ دېگەندەك كىيىنىپ، ئېتىز بېشىغا بېرىپتۇ، ئورمىچىلارغا ئىشنى كۆرسىتىپ بېـ-رىپ، ئۆزى قىر بېشىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۈن چۈش بولـ-غۇچە باي چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۇسساپ چىددـ-غۇچىلىكى قالماپتۇ. ئاخىر ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ۋاي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ باي، — سىلى بۇگۈن كۈننى بەكمۇ ئۇزارتىۋېتىپتىلا. ئەمدى قىسقارتىپ بەرسىلە، مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۆيۈڭگە بېرىپ بىردەم ئارام ئال.

باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆيگە بېرىپ بىردەم ئارام ئاپتۇ،

ئاندىن ئېتىز بېشىغا بارسا، ئورمىچىلار تېخىچە ئورما ئو-
رۇۋاتقۇدەك. ئېتىز بېشىدا تۇرسا، بېشىغا يەنە كۆن چۈشۈشنى
بىلگەن باي ئورمىچىلارنى ئېلىپ يانماقچى بولۇپ:
— ھاي ئورمىچىلار، ئەمدى بولدى، قايتىڭلار! —
دەپتۇ.
— باي ئاكا، سىلىگە نېمە بولدى؟ — دەپ ھەيران بوپ-
تۇ ئورمىچىلار، — بىز قايتىدىغان ۋاقىت بولمىدى، بىر
كۈنلۈك ئىشىمىز تۈگىمىدىغۇ؟
— قايتىڭلار دېگەندىكىن قايتىڭلار، بۈگۈنكى كۈننىڭ
ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى سىلەر بىلمەي-
سىلەر، بۇ ماڭىلا مەلۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىڭلار دەۋاتى-
مەن، — دەپتۇ باي يېڭىدىن ئۇسساۋاتقانلىقىنى سېزىپ.
ئورمىچىلار قايتىشقا رازى بوپتۇ. ھەر كۈنى مۇشۇنداق
بولۇۋەرگەچكە، ئون بەش كۈنلۈك ئىش بىر ئايغا سوزۇلۇپ،
پىخسىق باي لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.



# ناداندىن تادان چىقار

بىر كەمبەغەل دېھقان يەر ھەيدەۋېتىپ، ئادەم بېشىدەك بىر كاللەك ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. دېھقان، ئەمدى بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئالتۇننى پادىشاھقا تەقدىم قىلسام، ماڭا سوۋغات بېرەر، دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، ئالتۇننى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بۇنى يالغۇز ئېلىپ بارسام، پادىشاھ، سەن گاداي بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ دەپ زىندانغا سالمىسۇن، بىر ئابرويلۇق ئادەم بىلەن بىللە باراي دەپ، قارىسا، پادىشاھنىڭ چاپارمىنى ئات چاپتۇرۇپ ئېتىزنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، نادان دېھقان:

— ھوي چاپارمەن، بۇياققا كېلىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، بۇ تەرەپكە ماڭغاندا، دېھقان، بۇ ئاتلىق ئىكەن، ئالتۇننى ئېلىپلا قېچىپ كەتسە، مەن ساقال سىيپاپ قالماي، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا ئات چېپىپ كەلگەن چاپارمەن:

— خوش، نېمە گەپ، نېمىگە چاقىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقاننىڭ تادانلىق قىلغۇسى كەپتۇ - دە:

— مۇنۇ ئىككى ئۆكۈزنىڭ بىرى شېرىكىمنىڭ، بىرى ئۆزۈمنىڭ ئىدى، ئېيتىڭا قېنى، ئىككىسىنىڭ قايسىسى ھېرىپ قالار؟ — دەپ سوراپتۇ. چاپارمەن:

— ساراڭمۇ سەن؟ مەن نەدىن بىلەي، — دەپ ئېتىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قامچىلاپ كېتىپ قاپتۇ.

بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەندە، چاپارمەن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ يەنە شۇ يولدىن ئۆتۈپتۇ. دېھقان ئۇنى كۆرۈپ، ئالتۇننى تاغارغا ساپتۇ ـ دە، ئۆزۈم كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارسام، ئۇ ئېلىپ قاچالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، چاپارمەننى يەنە چاقىرىپتۇ.

ــ يەنە نېمە دەيسەن؟ ــ دەپتۇ چاپارمەن.

دېھقان، ئالتۇننىڭ يېرىمىنى بۇ ئېلىۋالارمىكىن، دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ.

ــ مۇنۇ يەرنىڭ يېرىمى ئوتۇنچىنىڭ، يېرىمى ئۆزۈمنىڭكى، ئېيتىڭچۇ قېنى، ئاشلىق قايسىمىزنىڭ يېرىدە ياخشى ئوخشار؟ ــ دەپتۇ ئۇ. چاپارمەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ دېھقاننى:

ــ سەن ساراڭ ئوخشايسەن ، ــ دەپ، قامچا بىلەن بىر ـ ئىككىنى ئۇرۇپتۇ ـ دە، كېتىپ قاپتۇ. دېھقان ئالتۇننى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەپتۇ.

ــ خوتۇن، ماڭا قارا ! ــ دەپتۇ ئۇ.



— لەببەي ! — دەپتۇ خوتۇنى.

— چاپسان چاي قاينات، كاللەك ئالتۇن تېپىۋالدىم. ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ، بەرگەن سوۋغىتىغا گۆش ئېلىپ كېلىپ، شورپا قىلايلى.

خوتۇن ئېرىنىڭ گەپلىرىگە ھەيران بولۇپ، بۇ «نادانلىق» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئېرى چايغا ئولتۇرغاندا، تاغاردىكى ئالتۇننى ئېلىۋېلىپ، ئورنىغا بىر پارچە قارا تاشنى سېلىپ قويۇپتۇ. دېھقان قورسىقىنى تويغۇزۇپ، بۇرۇتىنى تولغاپ، شاھنىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ.

— خوش، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھئالەم، مەن سىزگە لايىق بىر نەرسە تېپىپ كەلدىم، — دەپ تاغاردىن «ئالتۇن»نى چىقىرىپتۇ. پادىشاھ قاپقارا تاشنى كۆرۈپ:

— ماڭا مۇشۇ لايىقمۇ؟ مېنى زاڭلىق قىلماقچىمۇ سەن؟ ! — دەپ دېھقاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

ئۇنى دارغا ئاسار چاغدا، چاپارمەن پادىشاھقا:

— پادىشاھئالەم، بۇ بىر ساراڭ، ئۇنى ئۆلتۇرۇشكە ئەرزىمەيدۇ، — دەپ، ئۇنىڭ ساراڭلىقىغا دەلىل قىلىپ، دېھقاننىڭ ئۆزىدىن سورىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆلۈمدىن قالدۇرۇپ، سىناپ باقماق بولۇپ زىندانغا ساپتۇ. دېھقان زىنداندا يېتىپ يوقالغان ئالتۇنىنىڭ چوڭلۇقىنى قوللىرى بىلەن شەرەت قىلىپ: «مۇنچىلىك يوغان ئىدى، يايسا داستىخاندەك بولاتتى» دەپ، غۇلچىنى يېيىپتۇ. دېھقانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، — دەپتۇ دېھقان، — ئاشۇ قارا تاش ئالتۇن بولۇپ قالسا، يايسا قانچىلىك يېيىلار؟

— بۇ خىيالىي ساراڭ ئىكەن، بۇنى زىنداندىن چىقىرىد-ۋېتىڭلار، ساراڭنىڭ زىنداندا تۇرغىنى زىيان، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ پادىشاھ.

دېھقان خوتۇن ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن ئالتۇننى خەج-لەپ باياشات ياشاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتكىلى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى باي

بۇرۇنقى زاماندا پالتىۋاي ۋە پاسىۋاي دېگەن ئىككى باي ئۆتكەنىكەن. پالتىۋاي يۇقىرىقى مەھەللىنىڭ، پاسىۋاي تۆۋەندىكى مەھەللىنىڭ پۈتۈن يەر، سۇ، چارۋىلىرىغا ئىگە ئىكەن. بۇلار سىرتتىن قارىغاندا ناھايىتى ئىناق، يېقىن ئاغىنىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىچىدە بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرۈشىدىكەن، ھەمىشە بايلىق، مەنسەپ، ئابروي تالىشىپ، ئارقىلىرىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىشىپ، بىر - بىرلىرىگە ئورا كولىشىدىكەن، ئەپ تاپسىلا بىر - بىرىنى ئورىغا چۈشۈرۈشكە، ھېچبولمىغاندا بىر - بىرلىرىنى كەمسۈندۈرۈشقا تىرىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار بىر چوڭ مەرىكىگە بېرىپتۇ. مەرىكىگە پالتىۋاي بۇلماقتەك سېمىز، قومۇش قۇلاق، تورۇق قاشقا يورغا ئات مىنىپ كەپتۇ. پالتىۋاينىڭ بۇ ئېتىنى كۆرۈپ ھەسەتخور پاسىۋاينىڭ ئىچى ئاداپ كېتىپ تۇرالماي قاپتۇ. شۇ يەردىلا ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن بىر غالچىسىغا:

— سەن ئاستا بېرىپ، پالتىۋاينىڭ ئاشۇ تورۇق قاشقا ئېتىغا بىزنىڭ ئاتنىڭ ئېنىنى سېلىپ قويغىن ، بۇنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن جۇمۇ؟ — دەپتۇ. باينىڭ غالچىسى:

— خوپ، باي ئاكا، — دەپتۇ - دە، كۆرۈنمەي بېرىپ، تو-

روۇق قاشقىنىڭ قۇلىقىغا پاسىۋاينىڭ ئىتىنىڭ ئىنىنى سىلىپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پاسىۋاي ئۇنى كۆرۈپ ئاستا ئىشارەت بىلەن «ئىشنى توغرىلىدىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. باينىڭ يېقىنى «ھەئە» دېگەننى ئىشارەت قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. پاسىۋاي ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ: «ئەمدىغۇ رەسۋا قىلارمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

— پالتىۋاي، بۇگۈن ئۆزلىرى بۆلەك ئات مىنىپ كەپتىلا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مىنىپ يۈرگەن ئاتلىرى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پاسىۋاي.

— بۇرۇنقى ئىتىم ئەجەللەپ قالغانىدى، — دەپتۇ پالتىۋاي.

— بۇ ئاتنى نەدىن ئالدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە پاسىۋاي. بۇ گەپكە ھەيران بولغان پالتىۋاي:

— ئەجەب گەپ قىلىلىغۇ؟! مەن بۇ ئاتنى نەدىن ئالاتتىم، يايلاقتىكى ئاتلىرىمىنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ ئەكەلدۇردۇم، — دەپتۇ غەزەپ بىلەن. پاسىۋاي پەسەنت قىلماستىن:



— ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، پالتىۋاي، مېنىڭ يايلاقتا ئۆزۈم مىنىمەن دەپ ئويلاپ يۈرگەن مۇشۇنداق بىر توروق قاشقا ئىتىم بار ئىدى، ئۇچ ئاي بولدى يوقىلىپ كەتتى، بۇ ئات شۇنىڭغا ئوخشايدىكەن، سىلىنىڭ ئاتلىرىغا قو-

شۇلۇپ قالغان بولسا، شۇنى مىنىپ كەلدىمىكىن دەيمىنا، — دەپتۇ پاسىۋاي. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پالتىۋاينىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە:

— كۆزۈڭگە چۈمبەل تارتىۋالدىڭمۇ؟ ! كىمنى ئوغرى تۇتۇۋاتىسەن؟ ! ئاغزىڭغا بېقىپ جۆيلۈگىن ! — دەپ، بىردىنلا سەنلەپ چۈشۈپتۇ. پاسىۋايمۇ بوش كەلمەي:

— مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەپ، نىمانداق يوغان سۆزلەيسەن؟ ! ئاتىنىڭ ئىنىنى كۆرۈپ ئاندىن چوڭ گەپ قىل ! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سورۇن بۇزۇلۇپ، پۈتۈن جامائەت ئاتنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاتتا، راست دېگەندەك، پاسىۋاينىڭ ئىنى تۇرغان. پالتىۋاي ئاتتىنمۇ كۆرە، ئىزا ـ ئاھانەتكە چىدىماي، پاسىۋاينىڭ تۆھمىتىنى تەن ئالماپتۇ، ئىككىلىسى يەنە تەگىشىپ، سەن ـ پەن دېيىشىپ قاپتۇ. جېدەل ئۇلغىيىپ بۇلار شەرىئەتكە بېرىشىپتۇ. قازى ئىككى باينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ئارىدىن كۆپرەك بىر نەرسە يۇلۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈن ئۇ بايغا، بىر كۈن بۇ بايغا يان بېسىپ، دەۋانى ئەتەي كەينىگە سۈرەپتۇ. بۇلار بىرنەچچە كۈن دەۋالىشىپ يۈرۈپتۇ، لېكىن دەۋا بىر تەرەپ بولماپتۇ. پالتىۋاي قازىنىڭ دەۋانى ئەتەي كەينىگە سۈرەۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ـ دە:

— تەقسىر، بۇ ئات ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى، پاسىۋاي ئۆز ئىنىنى سېلىپلا، قەستەن ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. سىلى دەۋانى ئادالەت بىلەن سورىسىلا. ھە، راست، سىلى چوڭراق پالتام يوق دەپ يۈرەتتىلە، تەقسىر، بۇنى سىلى تۇتسىلا، — دەپ، بىر پالتا پارا بېرىپ قايتىپتۇ.

ئەتىسى قازى دەۋادا ھەدەپ پالتىۋايغا يان بېسىپتۇ. پاسىۋاي قازىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن پالتىۋاينىڭ ئۇنىڭغا بىرەر پارا بەرگەنلىكىنى بايقاپتۇ ـ دە، ئاخشىمى ئۇمۇ قازىنىڭ ئۆيگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر موزاي پارا بېرىپتۇ. ئەتىسى قازى بىردىنلا پاسىۋايغا يان بېسىپتۇ. پالتىۋاي قازىنىڭ بۇ ئىشىغا چىدىماي، ئاچچىقى بىلەن:

— تەقسىر، دەۋانى چوڭ پالتىدا ئوتۇن يارغاندەك ئادىل، كەسكىن سورىسىلىچۇ! — دەپتۇ. قازى پىسەنت قىلماستىن:

— ئۇ دېگەنلىرى توغرا، لېكىن كېچە پالتىنىڭ سىپىغا موزاي تېزەكلەپ قويۇپتۇ، — دەپ، ئاتنى پاسىۋايغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سالام ئېيت

بۇرۇنقى زاماندا بىر خەلپىتىم ئۆتكەنىكەن. شۇ چاغلاردا بىر ئادەم ئۆز بالىسىنى ئۇنىڭغا ئوقۇتقىلى بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم: «بالامنى ئوبدانراق ئوقۇتۇپ، چاپسانراق موللا قىلامدىكىن» دېگەن ئوي بىلەن خەلپىتىمنى ئۆز ئۆيىگە چايغا چاقىرىپتۇ. خەلپىتىم مېھمان بولۇپ كەلگەن ھامان بالىنىڭ ئانىسىغا كۆزى چۈ- شۈپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. قايتقاندىن كېيىن ئۇزاق ئويلاپتۇ. ئەتىسى بالا مەكتەپتىن قايتقاندا:

— بالام، ئاناڭغا مەندىن سالام ئېيت ! — دەپتۇ. بالا ئۇقماستىن موللىسىنىڭ سالىمىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ «سالام» ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى: «بۇ سالامنىڭ تېگىدە بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، موللامنى سىناماقچى بولۇشۇپتۇ. مەسلىھەت بويىچە ئېرى تۈگمەنگە كېتىپتۇ. بالا مەكتەپكە بېرىپ موللامغا سالام قىلغاندا:

— بالام، سالىمىمنى ئاناڭغا ئېيتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپ- تۇ خەلپىتىم.

— يەتكۈزدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— نېمە دېدى؟ — دەپتۇ خەلپىتىم.

— بۇگۈن مەندىن سالام ئېيتقىن، دېدى، — دەپتۇ بالا.
— داداڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم.
— تۇگمەنگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.
— ئۇنداق بولسا، ئاناڭغا بېرىپ ئېيت، مەن سىلەرنىڭ-
كىگە مېھمان بولۇپ بارىمەن، — دەپ، خەلپىتىم بالىغا كې-
تىش ئىجازىتى بېرىپتۇ.

بالىسىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا خەلپىتىمگە تاماق
هازىرلاشقا كىرىشىپتۇ. كەچ كىرىپ كۈن قايرىلغاندا، خەلپى-
تىم «مېھمان» بولۇپ كەپتۇ. ئۇ كېتىشنى خىيالىغمۇ كەل-
تۈرمەي، بالىنىڭ ئانىسىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.
كەچ كىرىپ ئەلياتقۇ بولغاندا:



— مەن كېچىدە
يول ماڭالمايمەن، مۇشۇ
ئۆيدە قونۇپ قالسام، —
دەپ تۇرۇۋاپتۇ خەلپى-
تىم.
— بالىنىڭ دادىسى
يوق، قونسىلا يامان بول-
ماسمۇ؟
— مەن مۇشۇنداق
چاغنى ئىستىگەن-
دىم، — دەپ چاقچاق
قىپتۇ خەلپىتىم.
ئايال خەلپىتىم-
نىڭ نىيىتىنىڭ بۇ-
زۇلغانلىقىنى پەملەپ،
ئۆزىنى ئوڭلاشقا ئۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

ندىن تۇرغانىكەن، دەرۋازا قېقىلىپتۇ. ئايال:

— كىم؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ ئېرى. ئايال:

— هوي مۇللام، ئېرىم كېلىپ قاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېگەنىكەن، خەلپىتىم:

— خېنىم، ئۆزلىرى بىر ئىلاجىنى قىلمىسىلا، مەن قانداق قىلالايمەن؟ — دەپ گۆشىيىپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەيەردە سىلى كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن موزاينىڭ تېرىسى بار، شۇنى يېپىنسىلا. مەن سىلىنى بويۇنلىرىدىن شوينا بىلەن ئوقۇرغا باغلاپ قويای، — دەپتۇ ئايال، ئاندىن خەلپىتىمنى هويلىغا ئاچىقىپ باغلاپ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئېرى:

— ئىشىكنى نېمىشقا ئىتتىك ئاچمىدىڭ؟ — دەپ كايىغان بولۇپتۇ.

— ماۋۇ موزاي بوشىنىپ كېتىپتىكەن، ئىشىكنى ئاچسام قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، باغلىغۇچە ساقلاپ قالدىلا، — دەپتۇ ئايالى.

ئېرىنىڭ قولىدا كېلىشكەن قامچا بار ئىكەن، ئۇ «موزاي»نى «سەن مەن بولمىسامىلا ئۆيدىكىلەرنى بوزەك قىلغىنىڭ قىلغان!» دەپ، راسا ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. پاچاق ۋە يالىڭاچ بەدەنلىرىگە تەگكەن قامچا بىلەن تاقىتى تاق بولغان خەلپىتىم شوينىنى ئۈزۈپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۆزىنى تالاغا ئېتىپتۇ.

— خوتۇن، موزىيىڭ ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ، — دەپتۇ ئېرى.

ئەتىسى بالىسى مەكتەپكە ماڭغاندا، ئانىسى:

— بالام، مۇللاڭغا مەندىن هەم داداڭدىن سالام ئېيتقىن، — دەپتۇ.

# ئۆز بېشىغا كەلگۈچە

بۇرۇنقى زاماندا زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن. شۇ زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۇقرانىڭ بەرىنى ئوردا ئالدىغا يىغدۇرۇپ مۇنداق جاكار قىپتۇ:

— خالايىق، ئوڭ قۇلاق - سول قۇلاق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ مەندىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ، ئىش - پىش، مېڭىش - تۇرۇش، توي - تۆكۈن، يىغا - زار... ھەممىسىدە ئىجازەت ئالمايدىكەنسىلەر، ئەمرىمگە بويسۇنمىغان ھېسابلاپ، بوينۇڭلاردا قىلىچ ئوينىتىمەن!

پادىشاھ ھەر دائىم ئەمرىنى جاكارلاپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، پۇقرالارمۇ دەس تۇرۇپ، توققۇز تەزىم قىلىشى، ھەربىرى خەزىنىگە ئەمر ھەققى ئۈچۈن ئوتتۇز تەڭگە تاپشۇرۇشى شەرت ئىكەن. بۇ قېتىم پۇقرالار مىدىر - سىدىر قىلىشماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئاچچىقلاپ:

— ھۆرمىتىم قېنى؟ تەڭگەمچۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ، بىرەرىمۇ قىمىرلاپ قويماپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ، يېنىدىكى خانىشتىن سوراپتۇ:

— بۇ نېمە ئىش؟

— ئۆزلىرىدىن سورىسىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خانىش. پادىشاھ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ جاۋاب تاپالماپتۇ-دا، ئاخىر يالۋۇرۇپتۇ.

— بايا ئۆزۈڭلار، — دەپتۇ خانىش، — «مەندىن بىر سوراق قىل تەۋرىمەيدۇ...» دېمىگەنمىدىلە. ئىجازەت كۈتۈپ تۇرغاندۇ.

پادىشاھ گەدىنىنى قاشلاپ: «ھۆرمىتىمنى قىلىڭلار!» دەپتىكەن، پۇقرالار ئۇپۇر - توپۇر قوپۇشۇپ تەزىمىنى ئادا قىپتۇ، لېكىن خەزىنە تەرەپكە قەدەم باسماپتۇ. پادىشاھ يەنە ئەمر قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پۇقرالار ئەمرنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.



بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. جاللاتلار مەھەللىمۇ مەھەللە ئارىلاپ، پادىشاھ ئەمرىنى تۇتمىغانلارنى مارىلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى يىغلاپ ئوردىنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. ئى-

نىكىئانىلار، كېنىزەكلەر ئۇنى دەپمۇ، بۇنى بېرىپمۇ پەسكويغا چۈشۈرەلمەپتۇ، خانىش بالىنى كۆتۈرۈپ پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ھوي، ھەممىگە قادىر شاھىم، دەردىمگە داۋا، مۈشكۈلى-رىمغا ناۋا باشپاناھىم، بۇ شۇمتەكلىرىنى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپتۇ. پادىشاھ چالۋاقاپتۇ:

— بۇنى سورىغان بارمۇ؟ يىغلىسا ئۆزىنىڭ ئاغزى، سەن ئۆزۈڭ بىرنېمە قىل، ماڭ!

— ئۇنداق بولسا، جاللاتنى چاقىراي، كاللىسىنى ئالسۇن.

— ھوي، نېمە دەۋاتىسەن، خوتۇن؟ ! ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ ياكى شاھزادەمدىن تاندىڭمۇ؟

خانىش كۈلۈپ كېتىپ، ئېرىنىڭ ئەمرى پۈتۈلگەن قەغەز-نى قولىغا ئاپتۇ.

— مانا بۇنىڭغا پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ خانىش، — شاھزادەم، بىرىنچىدىن، يىغلاشتىن بۇرۇن سىلىدىن ئىجازەت ئالمىدى، ئىككىنچىدىن، يىغلاۋېرىپ ئەمرلىرىنى كۆزىگە ئىل-مىدى. ئۆز دادىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان بالىنى دادىسى-نىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۆلتۈرمەك دۇرۇس. پادىشاھ ئەمرى ئۆز جەمەتىگە كەڭرى، پۇقرالارغا جەبرى بولسا، تەڭرى راۋا كۆرمەيدۇ.

پادىشاھ بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بەزلەپ بېقىپتۇ، بالا زادى پەسكويغا چۈشمەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ياش-لىرىنى تۆكۈپ، ئەمرى پۈتۈلگەن قەغەزنى ئوچاققا تاشلاپتۇ، ئوتتۇز تەڭگە ئالۋاننىڭ مېھرىدىن كەچكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بالا يىغىدىن توختاپتۇ. پۇقرالار ئامان — ئېسەن تىرىكچىلىك ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يامان خوتۇندىن بەزگەك جىن قاچار

بۇرۇنقى زاماندا بىر قورايچى بوۋاي بولغانىكەن. ئۇنىڭ
خوتۇنى ناھايىتى جاۋىلداق، مەرەز ئىكەن، تولا ئۇرۇشۇپ،
كەلسە ـ كەلمەس تىللاۋېرىپ، بوۋايغا كۈن كۆرسەتمەيدىكەن.
بىر كۈنى بوۋاي قورايلىقتىن كەچ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ
كېلىشى ھامان خوتۇنى: «سېنىڭ شۇ يەردە بىر نېمەڭ بار،
بولمىسا نېمىگە كەچ قالدىڭ؟» دەپ كۇنلەپ غوۋغا چىقىرىپ-
تۇ. بۇ ئىش ھېرىپ كەتكەن بوۋايغا ناھايىتى ئار كەپتۇ. ئە-
تىسى خوتۇن بوۋاي بىلەن قورايلىقنى تەكشۈرمەككە بىللە
بېرىپتۇ. ئۇ قېلىن قورايلىقنى ئاختۇرىمەن دەپ، بىر چوڭ-
قۇر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي يامان خوتۇندىن قۇتۇل-
غىنىغا خۇش بوپتۇ، لېكىن يەنە، يامان بولسىمۇ، كۆپ ۋاقىت
ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندۇققۇ، دېگەن ئويغا كەپتۇ. قۇدۇققا
ئارغامچا ساپتۇ. ئارغامچىغا يامىشىپ مومايىنىڭ ئورنىغا بەز-
گەك جىن چىقىپتۇ.

— ھوي، سەن نېمىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مەن بەزگەك جىنى ئىدىم، بۇ قۇدۇق مېنىڭ ئۇزۇن
يىللىق ماكانىم ئىدى، بۈگۈن بىر جاۋىلداق قېرى خوتۇن چۈ-
شۈپ، ماڭا ئارام بەرمىدى، سەن ئارغامچا تاشلىمىساڭ، ئۇ مېنى
ئۆلتۈرۈپ قوياتتى، قۇتۇلدۇرغىنىڭغا رەھمەت! مەن سېنى ئار-

مىنىڭغا يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ بەزگەك جىنى.

— قانداق قىلىپ سەن مېنى ئارمىنىمغا يەتكۈزەلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مەن يۇرتنىڭ ئۇلۇغىغا بېرىپ چاپلىشىمەن، — دەپتۇ بەزگەك جىنى، — ئۇ دەررۇ بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ، سەن ئۇنى ساقايتىدىغان تېۋىپ بولىسەن. سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ «ئايەتەلكۇرسى»نى ئوقۇيسەن، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن ئاجراپ باشقىسىغا يۇقىمەن. ساقايغۇچى بولسا، ساڭا نۇرغۇن ھەق تۆلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، باي بولۇۋالىسەن، ئوتۇنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن نېرى بولىسەن.

بۇ ئەقىل ئوتۇنچى بوۋايغا مايدەك يېقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رازىلىق بېرىپ، خوتۇنىنى قۇدۇقتا قالدۇرۇپ، جىن بىلەن كېتىپتۇ.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بوۋاي نۇرغۇن بەزگەكلەرنى ساقايتىپ، باي بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا جىن بوۋايغا:



— ھەي بوۋاي، سەن ئەمدى باي بولدۇڭ، تۇرمۇشۇڭ ياخشىلاندى، ئەمدى مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا ئوقىتىمنى قىلسام، سەن ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي رازىلىق بىرىپ، ئىككىسى خوشلىشىپ، ياخشىلىقچە ئاجرىشىپتۇ. جىن بولسا، ياقا يۇرتقا بىرىپ، يۇرت چوڭىغا يۇقۇپتۇ. يۇرت چوڭى ھېچ ئىلاج قىلىپ ساقىيالمىغاندىن كىيىن، بەزگەكنى ساقايتىشتا داڭقى چىققان ھېلىقى بوۋاينى چاقىرتىپ كەپتۇ. بوۋاي يۇرت چوڭىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ھېلىقى بەزگەك جىنىنىڭ يۇرت چوڭىغا چاپلىشىۋېلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. ۋەدىسىنى بۇزۇپ كەلگەن بوۋاينى كۆرگەن جىن بوۋايغا رەنجىپ:

— قېنى ۋەدە؟ ئىككىمىز ۋەدە قىلغانغۇ، ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا كۈن كۆرمەك بولغانغۇ، — دەپ كايىپتۇ.

— كايىما، — دەپتۇ بوۋاي.

— ۋەدىمىز بويىچە سەن مەن چاپلاشقان ئادەمنى ساقايتىشقا كەلمەس بولغاندىڭغۇ؟ — دەپ، جىن قويقا چاچلىرىنى تىك قىپتۇ.

— توختا، سەۋر قىل، مەن بۇنى ساقايتقىلى كەلمىدىم، سېنى ئىزدەپ كەلدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

— مېنىڭدە نىمە ئىشىڭ بار؟ — دەپتۇ جىن.

— ئېسىڭدە بارمۇ؟ ھېلىقى يامان خوتۇنمۇ قۇدۇقتىن چىقىۋاپتۇ. ئۇ تالڭ ئاتقۇچە سېنى تۇتۇپ بەر دەپ، مېنى قىيناپ چىقتى. سېنى تۇتۇپ بەرمىسەم، ئۇ مېنى ئۆلتۇرىدۇ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

بەزگەك جىنى ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ بوۋايغا:

— خۇدا ھەققىدە بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، مېنى ئۇ خوتۇنغا تۇتۇپ بەرمە، ھەرقانداق بەزگەكنىڭ قولىنى سىيـ

پاپلا قويساڭ، دەررۇ ساقىيىدۇ. سەن بەزگەك تېۋىپى بولۇپ قال، مەن يامان خوتۇنۇڭدىن قۇتۇلاي، — دەپ، بوۋاينىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ، يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي ياقا يۇرتنىڭ چوڭىنىڭ قولىنى سىيپاپ قويۇپلا ساقايتىپتۇ. بەزگەك جىنى بارسا كەلمەس شەھەرگە كېتىش ئۈچۈن، ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا، بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ھەي، يامان خوتۇنۇم كېلىۋاتىدۇ ! — دەپتىكەن، بەزگەك جىنى يار تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ.

«ياماندىن يار بويى بىلەن قاچ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قاپتىكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# توخۇنى يولدا چىللىتارمەن

بۇرۇن - بۇرۇنتى، بۆرە خىزىرتى، تۈلكە ۋەزىرتى. ئاتام تۇغۇلمىغان، ئانام تۆرەلمىگەن، مەن چوڭ ئاتامنىڭ پادىسىنى بېقىپ يۈرگەن زاماندا، بىر كەمبەغەل ئېشىكىنى توقۇپ، يۈك - تاقلىرىنى ئارتىپ، ئارغامچىدا تارتىپ، نەق ئۆستەڭگە ئولتۇ- رۇپ، باشقا بىر يۇرتقا يول ساپتۇ، بىر جايغا كېلىپ ئېشە- كىنى سېتىپتۇ، يۈك - تاقلىرىنى يۈدۈپتۇ، ماڭا - ماڭا مەنزىلگە يېتەلمەپتۇ ياكى يېنىپ ئۆز جايىغا كېتەلمەپتۇ، يە- نە مېڭىپتۇ، قورساقلىرى ئېچىپتۇ، ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ ئاران دېگەندە تاغارنى ئېچىپتۇ، ئوتتۇز كۈن بولغان قاتتىق ناننى ئاغزىغا تىقىپتۇ، چىشى ئۆتمەپتۇ، قاتتىقراق چىشلىگە- نىكەن، ئىككى چىشى سۇنۇپتۇ، ئاغزىدىن قانلار ئېقىپتۇ. بۇ بىچارە ئاچچىقىغا پايلىماي، ھېچ نەرسىگە قارىماي مېڭىپتۇ، تاغ - دەشتلەرنى، چۆل - جەزىرىلەرنى، پاتقاق - سازلىقلار- نى، ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ياشايدىغان قېلىن ئور- مانلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بىر يۇرت ئې- چىگە كىرىپتۇ، كىرەي دېسە ئۆي يوق، مىنەي دېسە ئېتى يوق، يەي دېسە نېنى يوق، ئېغىر ئەھۋالدا قاپتۇ، قانداق قى- لىشنى بىلمەي، ھېچنېمىنى سەزمەي يۇرتنى ئارىلاپ مېڭىپ- تۇ، بىر موماينىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بىركېچە قونۇشنى ئۆتۈ-

نۇپتۇ. موماي بېخىل ئىكەن، كىرگۈزمەپتۇ. بىچارە ئادەم يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماسلىقىغا كۆزى يەتكەن موماي تەسلىكتە ئۆيىگە كىرگۈزۈپتۇ.

مومايىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، بالىلارنىڭ بىرى ئوچاققا ئوتۇن سېلىۋاتقانىكەن، قازاندا توخۇ گۆشى بار ئىكەن. بىر چاغدا شورپا قايناپتۇ - قايناپتۇ، لېكىن موماي ئالماپتۇ. يەنە ئوت قالاپتۇ. شورپىنىڭ تەمى ئوچاق ئالدىدىكىلەرنى جەلپ قىپتۇ. مومايىنىڭ بالىلىرى شورپىنى ئۇسۇشقا ئۇندەپتۇ. موماي توخۇنىڭ گۆشى قازاندا پىشىپ كەتسىمۇ، يولۇچىدىن قىزغىنىپ، بالىلىرىنىڭ بىقىنىدىن چىمداپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپتۇ. بالىلىرى شۇك بوپتۇ. تۈن يېرىملىشىپتۇ. ئىككى بالا ئۇخلاپتۇ. يولۇچى مومايغا ئۆزىنى سەھەردە ئويغىتىپ قويۇشنى ئېيتىپ يېتىپتۇ، مومايمۇ ئۇخلاپتۇ. مومايىنىڭ ئۆزىمۇ، بىچارە بالىلىرىمۇ، يولۇچىمۇ ئاچ يېتىپتۇ.

يولۇچىنىڭ قورساقلىرى ئاچ، ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، قازاندىكى توخۇ شورپىسىدىن بىر قاچا ئىچىپتۇ، توخۇ گۆشىنى بەلۋېغىغا تۈگۈپتۇ، مومايىنىڭ بىر پاي ئاياغ كىيىمىنى قازانغا سېلىپ قويۇپ، مومايىنى ئويغىتىپتۇ. موماي:

— تېخى توخۇ چىللىمىدى، سەل يېتىپ ئاندىن مېڭىڭ، — دەپتۇ. يولۇچى:

— توخۇنى يولدا چىللىتارمەن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

موماي ئىشىكنى ئېتىپ، لېگەننى يۇيۇپتۇ، «توخۇ گۆشى»نى ئاپتۇ، شورپىسىنى ئۇسۇش ئۈچۈن قاچا يۇغىلى تۇرۇپتۇ. بالىلىرى كۈتۈپتۇ، لېگەندىكى «گۆش»نى تارتىپتۇ، قولىغا چىقماپتۇ. موماي كېلىپ پىچاقتا كېسىپ بالىلىرىغا بېرىپتۇ. بالى-

لىرىنىڭ چىشى ئۆتمەپتۇ، موماي «مېيى» بار بەردىن كېسىپ ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ، چىشى ئۆتمەپتۇ. تاش بۇرۇنقىدەك قا- رىسا ئۆزىنىڭ بىر پاي كەشىسى لىگەندە تۇرغۇدەك.

شۇنداق قىلىپ، پىخسىق موماي مېھماندىن توخۇنى قىزغى- نىپ، زىمىستاندا كىيىدىغان ئاياغ كىيىمىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ، مۇساپىر يولۇچى ياغ يەپتۇ، مومايىنىڭ كۆڭلى داغ بوپتۇ.



# ئىككى ئالدامچى

ئۆتكەن زاماندا ئىككى ئالدامچى بولغانىكەن. بىرى كوند-
شەھەرلىك باقى، يەنە بىرى يېڭىشەھەرلىك ساقى ئىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى ئالدامچى يېڭىشەھەر بىلەن كو-
نىشەھەر ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. باقىنىڭ دۈمبىسىدە
بىر قاپ قوي قۇملىقى، ساقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ تۆگە
مايىقى بار ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساقى، نەگە كېتىپ بارىسەن؟ —
دەپ سوراپتۇ باقى.

— سىلەرنىڭ شەھەرگە كېتىپ بارىمەن، ئۇ ياقتا ياڭاق
قىممەت دەپ ئاڭلىدىم، مۇنۇ يوغان ياڭاقلارنى پۇل قىلىپ كې-
لەي، — دەپتۇ ساقى.

— ھە، مەنمۇ سىلەر تەرەپكە كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ
باقى، — سىلەرنىڭ شەھەردە ئۈزۈم قىممەت دەپ ئاڭلاپ، بىر
قاپ ئۈزۈم ئېلىپ كېتىپ بارىمەن.

باقى ساقىنى ئالدىماقچى بولۇپ:

— ئىككىمىز بىكارغا ۋاقتىمىزنى زايە قىلمايلى! ئۇنىڭدىن
كۆرە، ساتقىلى ئېلىپ كېتىپ بارغان نەرسىلىرىمىزنى تېگىد-
شىپ، ھەرقايسىمىز ئۆز شەھىرىمىزگە ئاپىرىپ ساتساق بولماد-
دۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا قاپلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى ئاچمايلا ئېگىشەيلى، — دەپتۇ ساقى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى مۈرىلىرىدىكى قاپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆز مەھەللىلىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك راۋان بوپتۇ. ھەرئىككىسى ئۆيلىرىگە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپ قاپلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقسا، بىرىنىڭكىدىن قوي قۇملىقى، يەنە بىرىنىڭكىدىن تۆگە مايىقى چىقىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى «خەپ» دېگىنىچە دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ - دە، يولى كەلگەندە بىر - بىرىنى راسا بىر قاپقانغا چۈشۈرۈپ، پۇخادىن چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ باقى بىلەن ساقى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— يول بولسۇن؟ — دەپتۇ باقى ساقىغا.

— جىلىل باينىڭكىگە ئىش ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ ساقى.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ باراي، ئىككىمىز بىللە ئىشلەپ قالساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ باقى.

جىلىل بايغا مال بېقىپ بېرىشكە بىرمالچى، چوڭ قورۇسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە بىر مالاي لازىم ئىكەن. باقى مال باقماقچى؛ ساقى باي قورۇسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلماقچى بولۇپ ئىشقا كىرىشىپتۇ.

باقى ئەتىگەن تۇرۇپ، بىر پارچە قاتتىق ناننى قوينىغا سېلىپ، بىر قوتان مالنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇ دالىدا ئەتىدىن كەچكىچە كۈنگە قاقلىنىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن سۇغا زار بولغانىنىڭ ئۈستىگە، تارقىلىپ كەتكەن ماللارنى يىغىمەن دەپ، قوش جاپا تارتىدىكەن. تاپىنىغا كىرگەن تىكەنلەر پۇتىدىن قان ئېقىتسا، تاپاندىن ئۆتكەن ئىسسىق كۆزىدىن ياش چىقىرىدىكەن. باقى بىرىنچى كۈنلا شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىپتۇكى، ئېلىپ

كەلگەن قاتتىق ناننى يېيىشكىمۇ دەرمانى قالماي، كەچقۇرۇن ئۆلەي ـ ئۆچەي دەپ ئۆيگە ئاران يېتىپ كەپتۇ.

باي ئۆيىنىڭ ئىشىمۇ ساقىغا ئاسان چۈشمەپتۇ. ئۇنىڭغا ئازراق دەم ئېلىپ، بىرەر چىشلەم بىر نەرسە يەۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقماپتۇ. ئۇ راسا ھېرىپ، ھالى قالماي، ھويلا سۈپۈرۈۋاتقاندا، توپىنىڭ ئارىسىدىن بىر كۈمۈش پۇل تېپىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى توق بولۇپ، باقى كەلگەندە راسا ماختىنىپ، ئۇنى بىر ئالداشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كەچلىكى ئۇلار ئوچاقنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ:

— پاھ، ئاغىنە! مالچى بولۇش نېمىدېگەن ياخشى، تىپتىنچ، راھەت، مالنى يىغىپ قويسەن ـ دە، ئۇخلايسەن، ئۇزاق كۈننى ئويقۇ بىلەن ئۆتكۈزسەن. ئۆيگە كەلگەندە، باي ئاتام بىلەن ئاغىچا ئاپام قەنت بىلەن چاي، بوغۇرساق بىلەن ماي بېرىدۇ. نېمە يەيمەن، نېمە ئىچىمەن دېسەڭ، شۇ تەييار. شۇڭا، قوينۇمدىكى نېنىمنى يېگىنىم يوق، كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ باقى.

— ئۆي ۋە ھويلا ئارامىنىڭ ئىشىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن، بارلىق ئىشنى بىردەمدە تۈگىتىۋېتىسەن ـ دە، ئاندىن بوشاپ قالىدىكەنسەن، شۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ئىش يوق، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىمەن. باي ئاكام بىلەن ئاغىچا ھەدەمگە ئۇسسۇلۇم يېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، «بەللى، يىگىت!» دەپ ماڭا بىرمۇنچە پۇل بەردى، كەچكىچە خەجلىسەم يەنە بىرى ئېشىپ قالدى، — دەپ ھېلىقى تېپىۋالغان كۈمۈش پۇلنى كۆرسىتىپتۇ ساقى. پۇلنى كۆرۈپ باقىنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ ـ دە، ساقىنى ئالدىماقچى بولۇپ:

— بىراق، مال باققاندا ئادەم يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ كېتىدىكەن، — دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ساقىغا قاراپ قويۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنى بىردىمە! بۇ يوغان ھويلىدىكى تۆت تامنىڭ ئىچىدە مەنمۇ زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن، — دەپتۇ ساقى.

— بولمىسا ئىشلىرىمىزنى تېگىشىمىزمۇ يا؟ — دېيىشىپتۇ ھەر ئىككىلىسى تەڭلا.

ئەتىسى ساقى مال بېقىشقا چىقىپ، ئەتراپقا پىتىراپ كەتكەن ماللارنى يىغالماي جېنى تۇمشۇقىغا يېتىپتۇ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ «خەپ» دېگىنىچە باينىڭ ماللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. باقىمۇ ھويلىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتەلمەي كۆرمىگەننى كۆرۈپتۇ، كەچكە يېقىن بولالماي ئۇمۇ قويرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئىككىسى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. «قوشماق مېغىزدەك يېقىن دوستلار تۇرۇپ، نېمە ئۇچۇن بىر-بىرىمىزنى ئالداپ يۈرىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئىناق بولۇپ، باشقىلارنى بابلايلى» دېيىشىپتۇ ئۇلار. مەسلىھەتلىشىپ خاننىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلىماقچى بولۇشۇپتۇ. باقى بىر ئارغامچا، ساقى بىر ساندۇقنى ئېلىپ، خاننىڭ خەزىنىسىگە كېچىلەپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قاراۋۇللارنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خەزىنىنىڭ ئۈستىدىن تېشىپتۇ. باقى ساقىنى ساندۇققا سېلىپ ئارغامچا بىلەن خەزىنىگە چۈشۈرۈپتۇ. ساقى ساندۇقتىن چىقىپ، چوڭقۇر خەزىنىنىڭ تېگىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، ساندۇقنى يې-



رىمىغىچە ئالتۇنغا توشتۇرۇپ، باقىغا قاراپ:
— يېرىم ساندۇق بولسا بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— توشتۇر، توشتۇر، لىق توشتۇر ! — دەپتۇ باقى.
ئاغىنىسىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەن ساقى ساندۇقنى لىق توشتۇرۇپ بەرسەم، ساندۇقنى تارتىۋېلىپلا، مېنى تاشلاپ قاچمىسۇن، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئۆزى چۈشۈپ «تارت !» دەپتۇ. ساندۇقنىڭ ئاغزى يېپىلا - يېپىلمايلا باقى ساندۇقنى بار كۈچى بىلەن تارتىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇ ھېلىقى تۆشۈكتىن خەزىنە ئىچىگە قاراپ:
— ھەي قارا يۈز، مېنى ئالداپ نېمە ئىشلارنى قىلمىغانىدىڭ؟ ! ئەمدى مەن ئالتۇننى ئالدىم، سەن خەزىنىدە قالدىڭ. ئەتە ئۆزۈڭنى داردا كۆرىسەن، — دەپ، شامال ھەيدىگەن قامغاقتەك يولغا راۋان بوپتۇ، لېكىن، خەزىنە يېنىدىن ئانچە يىراقلىغا بارمايلا نەپسى تاقىلداپ ئالتۇنلارنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ كېتىپتۇ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. شۇ چاغدا ساندۇق ئىچىدىكى ساقى:
— ھوي قارا نىيەت، سەن مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمىدىڭ؟ ! — دېگىنىچە ئىرغىپ قوپۇپ باقىغا ئېسىلىپتۇ. ئاجرىتىدىغان ئادەم يوق، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تازا مۇشتلاپ، ئاغزى - بۇرنى قان بولۇشۇپتۇ. پادىشاھنىڭ خەزىنىسى ئەتراپىدا ئوخلاۋاتقان لەشكەرلەر بۇ ئوپۇر - توپۇرنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇلىرىنى ئېچىپ كېلىپ قارىسا، بىر ساندۇق ئالتۇننىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم مۇشتلىشىۋاتقۇدەك. لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى ئۇلارنىڭ خەزىنىگە تەگكەن ئوغرىلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى دارغا ئېسىلىپتۇ. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئىككى ھورۇننىڭ ئۆلۈمى

ئىلگىرىكى زاماندا ھاسان دەۋلەك ۋە ساۋۇت قاپاق دېگەن ئىككى ھورۇن بولغانىكەن. ئۇ ئىككىسى ناھايىتى ھورۇن ئىكەن. ئۇلار ئاتىسىنىڭ تاپقىنىنى يەپ، ئۆزلىرى زادى ئىشلىمەيدىكەن، ئەتىدىن كەچكىچە دۇمبىسىنى تامغا يۆلەپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كۆزىگىمۇ يامان كۆرۈنۈپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار قورسىقىغا بىر پارچە نانمۇ تېپىپ يېيەلمەي، بىر نەچچە كۈن ئاچ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئىشلىمىسىمۇ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك تەييار بىر يەرلەرگە كەتسەك ياخشى بولاتتى - دە، قەيەردە شۇنداق ياخشى يەرلەر بار ئىكىن؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— كىم بىلىدۇ، يەر يۈزىدە ئۇنداق يەرلەر بارمۇ، يوقمۇ، لېكىن ئاسماندا بولسا كېرەك، چۈنكى ئاسماندا پەرىشتىلەر ۋە باشقا خاسىيەتلىك مەخلۇقلار ياشايدۇ دېيىشىدۇ، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ شۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتەيلى، بۇ

مېھنىتى كۆپ يەرلەردە خار بولۇپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— مەيلى، چىقساق چىقىپ كېتەيلى، ئەمما قانداق چىقىمىز؟ ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇزۇن شوتا تېپىپ بولامدىكىن؟ — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇنداق ئۇزۇن شوتىغۇ تېپىلماس، لېكىن شوتىسىز چىقىشىنىڭ يولى بار، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— تاغدىكى ھاڭدا بىر سۇمۇرغ قۇشىنىڭ ئۇۋىسى بار. مەن ئۇنى بىر كۈنى ئاتامغا ئەگىشىپ تاغقا بارغاندا كۆرگەنمەن. بىر ئامال قىلىپ ئەنە شۇ قۇشنى تۇتۇۋالساق ئاسمانغا شۇ ئاچىقىپ قويىدۇ، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— بۇ ياخشى گەپكەن، مەيلى، بولمىسا، ئەتىلىككە شۇنداق قىلىلى، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ئىككى ھورۇن ئاخىر شۇ مەسلىھەتكە كەپتۇ ـ دە، ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تاغقا يېتىپ كېلىپ ھاڭدىكى سۇمۇرغ قۇشىنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋاپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن ۋاقىتتا سۇمۇرغ قۇش غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇۋىسىغا قونۇشى بىلەن، ھاسان دەۋلەك قۇشنىڭ بىر پۇتىنى مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، دوستىغا:

— مېنىڭ پۇتۇمنى تۇت ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ساۋۇت قاپاق شۇ زامان دوستىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتۇ. قۇش قورقىنىدىن يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساۋۇت قاپاق ھاسان دەۋلەكنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ، ھاسان دەۋلەك بولسا قۇشنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ پۇلاڭلىغىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇش بۇلارنى يەتتە قات بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئەگىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



— ئاسمانغا يېتەي دېدۇقمۇ؟ قوللىرىم تېلىپ كەتتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ھەئە، ئاز قالساق كېرەك، تۆشۈكى كۆرۈنۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاسان دەۋلەك ئۈستىدە بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ.

— ئاسماننىڭ تۆشۈكى قانچىلىك بار ئىكەن؟ بىز پاتىمىز-مىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ھاسان دەۋلەك ئۈستىدىكى تۆشۈك دەپ ئويلىغان نەرسىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— مانا مۇنچىلىك بار ئىكەن، — دەپ، قوشنىڭ پۇتىنى قويۇۋەتكەنىكەن، ھەر ئىككىلىسى يەرگە پولاڭلاپ چۈشۈپ، مىجىقلىرى چىقىپ ئۆلۈپتۇ.



# ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش

بۇرۇن يۇسۇپ ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ خۇش چىراي، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، ناھەق ئىشقا چىداپ تۇرالمايدىغان يىگىت ئىكەن.

يۇسۇپ يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە، يىراق يۇرتتىكى خاسىيەت ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىپتۇ ۋە ناھايىتى ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇسۇپ خاسىيەتنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. يۇسۇپ تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ ئانىسى ئىچكەركى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان خاسىيەتنىڭ يېنىغا كىرىپ، — ئېرىڭ قانداقراقكەن، قاملىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

— ناھايىتى ياۋاش، ئوبدان ئادەمكەن، راسا ئوبدان قاملىشىپ قالدۇق.

— ئەخمەق، — دەپتۇ ئانىسى خاسىيەتنىڭ سۆزىدىن نارازى بولۇپ، — قاملىشىپ قالغان بىلەن ھېساب ئەمەس، ئەر كىشى دېگەننى خوتۇن كىشىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغان قىلىپ بويسۇندۇرغان ھېساب. ئەر كىشىنى بارغۇ، خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ: «قولۇمغا سۇ قۇيۇۋېتىپ، ئاندىن ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ» دەپ،

ئىشقا بۇيرۇغۇلۇق. ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ «كارت - كۇرت» ئوسۇرۇپ قويغۇلۇق. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ يارا - يارا ساڭا بويسۇنىدىغان بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يۇسۇپنىڭ راسا ئاچچىقى كېلىپتۇ. قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرىڭ، ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ دېسىغۇ ئۇ ئىشلارنى قىلىۋېتەرمەن. ئەگەر يېنىمدا تۇرۇپ مېنى كۆزگە ئىلماي ئوسۇرىدىغان بولسا، كۆرگۈلۈكنى كۆزىگە كۆرسىتەرمەن، يۇسۇپ شۇلارنى ئويلاپتۇ يۇ، لېكىن ھەرگىز چاندۇرماپتۇ...



قايتىپ يولدا كېلىۋاتقاندا، خوتۇنى مىنىپ كېلىۋاتقان ئېشەك ھاڭرىيالماي ئىككى - ئۈچنى ئوسۇرۇپ قويۇپتۇ. يۇسۇپ دەرھال خوتۇننى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ - دە، ئېشەكنى بىر تۈپ سۆگەتكە مەزمۇت باغلاپتۇ ۋە:

— ھۇ يۈزى قېلىن، مەن سېنى كۈندە ئوت - سۇ، يەم - بوغۇز بېرىپ بېقىۋاتسام،

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋېتىپ، مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ئوسۇرغىنىڭ نېمىسى؟! — دەپ، كالتەك بىلەن ئېشەكنى بىر هازا دۇمبالاپتۇ.

ئېشەكنى قاتتىق ئۇرغانلىقىنى كۆرگەن خاسىيەت قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ، ئۆيىگە بارغۇچە بىر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز قىلماپتۇ...

— قانداق، ئېرىڭنى ئىشقا بۇيرۇپ باقتىڭمۇ؟ ئانچە-مۇنچە ئوسۇرۇپمۇ قويدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى خاسىيەت يەنە بىر قېتىم ئۆيىگە كەلگەندە.

— ۋاي ئانا، — دەپتۇ خاسىيەت ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، — يوسۇپ ئۆتكەن قېتىم ئۆيگە قايتىشىمىزدا، ئېشەك هاڭرىيالماي بىر-ئىككىنى ئوسۇرۇپ قويۇۋېدى، «مېنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ» دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئاز قالدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئوسۇرۇپ قويىدىغان بولسام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىكەن. هېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر.

شۇندىن كېيىن خاسىيەت ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمەي، ئېرىنى هۆرمەتلەپ ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. «چاقنى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قارامۇقچىنىڭ پىيىزى

بۇرۇن قارامۇقچى دېگەن يېزىدا موللاخۇن دەپ بىر كىشى ياشىغانىكەن. بۇ يېزىدا قەدىمدىن تارتىپ پىياز بەكمۇ ئوخشايدىكەن. موللاخۇنمۇ ھەر يىلى پىيازنى كۆپ تېرىپ نۇرغۇن ھوسۇل ئالىدىكەن. ئۇنىڭ بازار ئىچىدە بىر قاسساپ ئاغىنىسى بار ئىكەن. موللاخۇن ھەرقېتىم بازارغا كىرگەندە، قاسساپ ئاغىنىسىگە بىرەر خالتا پىياز ئالغاچ كىرىدىكەن. قاسساپ بولسا، دائىم ئۇنىڭغا گۆشلۈك، مايلىق پېتىر مانتا، قورداق، پولۇ، پەرمۇدە قاتارلىق ئالىي تاماقلارنى ئەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، ئەمما موللاخۇن ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق تاماقتا بىرىنچى ئېغىز تەگكەندىلا:

— ھەي، ھەي، بىزنىڭ قارامۇقچىنىڭ پىيىزىدا تاماق قالتىس ئوخشايدۇ، جۇمۇ! — دەيدىكەن. ئۇنىڭ دائىم قاسساپنىڭ گۆش ـ مېيىنى تىلغا ئالماي، ئۆزىنىڭ پىيىزىنى ماختاپ تاماق يېيىشى قاسساپنىڭ بەكمۇ جىنىغا تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موللاخۇن قاسساپنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، قاسساپ خوتۇنىغا:

— خوتۇن، بۈگۈن پېتىر مانتا ئەت. غىچلا پىياز چاناپ، پەقەت گۆش ـ ماي ئارىلاشتۇرماي بىر تەخسە چىققۇدەك مانتا تۈگۈپ قوي، ئۆزىمىزگە ئادەتتىكىدەك گۆشلۈك تۈگەرسەن، — دەپتۇ.

خوتۇن ئېرىنىڭ دېگىنى بويىچە تاماقنى تەييارلاپتۇ. داستىخان سېلىنىپ، ھورى پۇرقىراپ، تىترەپ تۇرغان مانتا كەلتۈرۈلۈپتۇ. قاسساپ ھېلىقى ئالاھىدە تەييارلانغان پىياز مانتىسىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— قېنى، بېقىڭلار بۇرادەر، — دەپتۇ قاسساپ مېھماننى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ.

موللاخۇن مانتىدىن بىرنى قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن يەۋې- تىپتۇ. ساھىبخانىنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە بىرنى تەستە يەپ-



تۇ، ئەمما قاڭسىق پىيازنىڭ تەمى كۆڭلىنى ئاينىتىپتۇ - دە، قايتا داستىخانغا قول ئۇزاتماپتۇ.

— قېنى، قېنى مەرھەمەت، تاماق سوۋۇپ قالدى. — دەپتۇ قاسساپ.

— ھەي، ھېچلا ئىشتىھايىم يوق ياكى مىجەزىم يوقمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ تاماق ئاغزىمغا بىر قىسمىلا تېتىيدىغۇ، — دەپتۇ موللاخۇن ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئەمىسە، ماۋۇنىڭدىن يەڭلا، قېنى مەرھەمەت، — دەپتۇ قاسساپ ئالدىدىكى تاۋاقنى مېھمان تەرەپكە سۈرۈپ. مېھمان ئۇنىڭدىن بىرنى يەپتىكەن، ناھايىتى مەززىلىك تېتىپتۇ.

— ھە، ماۋۇنىڭ تەمى بۆلەكچىلا ياخشىغۇ، — دەپتۇ ئۇ. قاسساپ تەنلىك كۈلۈمسىرەپ:

— ئاۋۇ بولسا، قارامۇقچىنىڭ داڭلىق پىيىزى بىلەنلا تۇگۈلگەن مانتا، ماۋۇنىڭغا بولسا، قاسساپنىڭ گۆش - يېغىمۇ ئارىلاشقان. دېمەك، قارامۇقچىنىڭ پىيىزىغا قاسساپنىڭ گۆش - يېغى ئارىلاشمىسىمۇ تاماقنىڭ لەززىتى بولمايدۇ - دە، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موللاخۇن خىجالەتتىن لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ بازارغا كىرگەندە، ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا قارامۇقچىنىڭ پىيىزى ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدىغان بوپتۇ.

# بېخىل

بۇرۇن بىر بېخىل ئادەم ياشىغانىكەن. ئۇ كىشى بېخىل-لىقتا شۇنداق ئۇچىغا چىققانىكەنكى، ھەتتا يەيدىغان بىر پار-چە نېنىغىمۇ قورسىقى ئاغرىيدىكەن، تاماقنىمۇ پەقەت ئاچتىن ئۆلمەسلىك ئۇچۇنلا يەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشى ئۆ-زىگە نۇرغۇن پۇل - بايلىق توپلاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى بايلارغا قاراپ، ئۆزىنى شۇلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپتۇ ۋە نومۇس كۈچىدىن پۇل كەتسىمۇ ئۆزىگە بىر ئۆتۈك سېتىۋالماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بى-لەن ئۇ بىر خۇرجۇنغا ئازراق نان سېلىپ، پوتىسىغا ئاز-تولا پۇلنى تۈگۈپ بازارغا بېرىپتۇ، بازارغا كېلىپ قارىسا، دەرۋەقە بازار شۇنچىلىك ئاۋات، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن. ئۇ بازارنى كەچ كىرگۈچە ئايلىنىپتۇ ۋە نۇرغۇن ئۆتۈكلەرنى كۆرۈپتۇ، ئەمما پۇلنى قولدىن چىقارغۇ-سى كەلمەي، قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر قانچە دەللال ئولىشىپتۇ، ئۇلار نۇرغۇن تالاش-تارتىش، سالا - سۇلھى بىلەن ئاخىر بىر سودىگەرنىڭ بىر پارە ئۆتۈكنى بۇ بېخىلغا ئوتتۇز تەڭگىگە سودىلىشىپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۆتۈكنى ئاۋايلاپ، سۈرتۈپ، كىشى-

لەرنىڭ كۆزىچە پارقىرىتىپ كىيىپ، غاچىلداتقان پېتى يېزىسىغا مېڭىپتۇ. ئۇ ئادەملەر شالاڭلىغان چەت بىر يەرگە كەلگەندە، ئۆتۈكنى يېشىپ خۇرجۇنغا سېپتۇ ـ دە، يالاڭ ئاياغ هالدا يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ كېلىۋېتىپ، چوڭقۇر ۋە كەڭرەك بىر ئېرىققا دۇچ كېلىپتۇ. ئۇ ئېرىققا قاراپ، توختاپ كۆچەپ تۇرۇپ بىرلا سەكرىسەم، بەلكى ئۆتۈپ كېتەرمەن، دەپ ئويلاپتۇ ۋە خۇرجۇننى ئۇ قىرغاققا چۆرۈۋېتىپ، بارلىق كۈچىنى يىغىپ بىر سەكرىگەنىكەن، «پولتۇك» قىلىپ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئېرىقنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۇچلۇق قوزۇق ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېرىقتىكى سۇ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن جان قويىدىغان يەر تاپالماي، سۇنىڭ ئىچىدە يۇمىلىنىپ كېتىپتۇ، ئاخىر مىڭ بىر مۇشەققەتتە تىركىشىپ ـ تىرمىشىپ يۇرۇپ قىرغاققا چىقىپ پۇتىنى قۇچاقلىغان پېتى بىردەم ۋايىۋايلاپتۇ، بىرئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ پۇتىغا سەپسېلىپ قارىسا، ھەقىقەتەن پۇتى ئوبدانلا زەخىملەنگەنىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ: «ھېلىمۇ ياخشى ئۆتۈكنى سېلىۋەتكەنىكەنمەن، ئەگەر بۇ ئەقىل كاللامغا كەلمىگەن بولسا، ئوتتۇز تەڭگىلىك ئۆتۈكۈم مۇشۇ يەردىلا تۆگەپ، ئوتتۇز تەڭگەممۇ هارام كېتەر ئىكەن» دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقساقلىغان پېتى خورجۇننى مۈرىسىگە سېلىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

# كۆسەي قاشلىق ۋاپادار

مۆھتەرەم جامائەتلىرىم، ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار دېگەن مانا مەن بولىمەن.

ھازىر ھېكايەمنى باشلايمەن. گەپلەشسەڭلار ئېزىپ كېتىمەن، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىساڭلار قىزىپ كېتىمەن. قۇلىقىڭلار ئەن بولسۇن، چاينىشىڭلار قەنت بولسۇن.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قېرى خوتۇننىڭ تىزى دولىسىدا، ئېشەك ئۆگزە تاتىلىغاندا، خوراز جىرىم غاجىلىغاندا، پايپاقتا نال قاققاندا، جاڭگالغا قولپا سالغاندا، تۇمۇچۇققا مەشرەپ بەرگەندە، ئېغىلغا زەدئۇال تارتقاندا مېنىڭ بېشىمدىن مۇنداق ئالامەتلەر ئۆتكەنىدى:

مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار تىزا، داچەن دېگەن پاخال نەرخى، ئاق تەڭگە دېگەن سامان نەرخى كۈنلەردە، پۇلنى جىمىتىپ چىقاي دەپ، بازارغا چىقماقچى بولدۇم، شەنبە كۈنلۈكتە تەك كېچە بىلەن ئېگىز بوز ھاڭگىغا مىنىپ يولغا چىقتىم، يېتىۋالسا، يۈگەننى كەينىگە چىڭ تارتىپ، يۈگۈرۈپ توختىغىلى ئۇنىمىسا، ئالدىغا سۆرەپ، يەكشەنبە كۈنى ناماز پېشىن ۋاخ بىلەن قاراقاشنىڭ بازىرىغا باردىم، بوز ھاڭگىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ رەستىگە چىقتىم. قولۇمنى كەينىمگە تۇتۇپ، چوك نەزەر بىلەن غادىيىپ كې-

تىڭشاتسام، دوقمۇشتىكى سامسىپەزنىڭ شاگىرتى: «ياغدا پىش-تى، ياغدا پىشتى، بىرنى يېسەڭ تىك تۇرسەن، ئىككىنى يې-سەڭ شۈك تۇرسەن» دەپ توۋلاۋەردى. ئوغۇل بالا ئاياقلىغان كۆسەي قاشلىق ۋاپادارنىڭ قورسىقى بەك ئاچمىدىكىن، پۇت-لىرىم مەندىن بىخەۋەر سامسىخانىغا كىرىپ بولدى. سامسىپەز ئۇستام ماڭا سالام بېرىپ: «كەلسىلە، تۇغقىنىم، كەلسىلە. بىر جىڭ گۆشنى ئوتتۇزغا سالدۇق، بىر چارەك پىيازنى ئۇششاق توغراپ توققۇزغا سالدۇق، تويغۇچە يەۋەرسىلە» دېدى ھەم ئالدىمغا بىر لىگەندە لىق گۆشگىردە قويدى. مەن بۇنىڭ-غا قاراپ دادامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن، ئوڭ قوۋۇزۇمغا ئىككىنى، تىلىمنىڭ ئۈستىگە ئىككىنى، ئاستىغا ئىككىنى تىقىپ، قىزىق بولسىمۇ چىداپ تۇرۇپ يەپتىمەن. سامسىپەز ئۇستام ماڭا: «تارتىنماي يەۋەرسىلە» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ ئانامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن، «كېيىن يەنە كېلىپ يەي» دەپ، سامسىخانىدىن چىقتىم، قورسىقىمنىڭ تويغىنىغا خۇشال بولۇپ «ناي ــ ناي»غا ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتسام، سامسىپەزنىڭ شاگىرتى كەينىمدىن كېلىپ قولۇمدىن كاپ قىلىپ تۇتتى، چېلىشامدىكىن دەپتىمەن، يەم بىلەن بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈ-رۈپ چۆرگىلىتىپ ــ چۆرگىلىتىپ، ئۆزۈم بۇرۇن يىقىلىپ، ئۇنى ئۈستۈمگە يىقىتىپتىمەن. سامسىپەزنىڭ شاگىرتى ئور-نىدىن قوپۇپ:

ــ سىلى يېگەن گۆشگىردىنىڭ پۇلى قېنى؟ ــ دېۋىدى، ھاڭ ـ تاڭ قاپتىمەن.

ــ ۋوي ئۇكام، مەزەگە قويغان گۆشگىردىگە پۇل ئالام-تىڭ؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ ئەخمەقمۇ مەن بازارغا كەلگەنلەرنى مېھمان قىلىدى-غان، ــ دېدى.

— ۋۇي ئۇكام، پۇلدىن قۇتۇلالماي يۈرگىنىمگە نەچچە يىل بولغانىدى، يانچۇقۇمدىن ئۆزۈڭ چاغلاپ ئېلىۋالغىنا، — دەپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردۇم. ئۇ يەتتە يانچۇقۇمنىڭ ئون يەتتە يېرىنى تېشىۋېتىپ، ئاران يەتتە پۇل تېپىپتۇ ۋە ماڭا ئۇيدەك ئالىيىپ قاراپ:

— بۇ پۇل يەتمەيدۇ، — دېدى.

— يەنە نەچچە پۇل كەم؟

— ئوتتۇز ئۈچ پۇل.

— ئۇ پۇلۇڭنى يېنىشىمدا بېرىپ كېتەي، خۇدا ئۆمۈر بەرسە سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كېتەي، — دەپ، ئۇنى مىڭ تەسلىكتە قايتۇرۇۋەتتىم.

شۇ كۈنلەردە كېيىۋالغان ئۆتۈكۈم قالتىس نوچى ئىدى، غىچىلدىغان ئاۋازى بازارنىڭ بۇ بېشىدىن - ئۇ بېشىغا ئاڭلىناتتى. قانداقراق ئۆتۈككىن دەپ ھەيران قالماڭلار، بۇ ئۆتۈكنىڭ ساقىسى ئىككى غېرىچ، تاقىسى ئۈچ غېرىچ كېلەتتى. ئۆتۈككە توپا قونمىسۇن دەپ، يولنىڭ قاتتىق يېرىدىن كېتىۋاتىمەن. بىردەمدىن كېيىن پۇتلىرىم سىرتماققا كىرىپ قالغاندەك قەدەم ئېلىشىم مۈشكۈللىشىپ كەتتى. كەينىمگە شۇنداق قارىسام، ئۆتۈكۈمنىڭ قونچىدىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتىلار قاسساپنىڭ جىڭ - كانارلىرىنى، باققالنىڭ سېۋەتلىرىنى، ناۋايلارنىڭ زىخ - چۆقاللىرىنى ئىلىۋېلىپ سۆرەپ كەپتۇ. بازاردا مۇشۇنداق ماڭغۇلۇق دەپ سۆرەپ تارتىپ كېتىۋەردىم. بىردەمدىن كېيىن قاسساپ، باققال، ناۋايلار كېلىپ بىرى قولۇمغا، بىرى دولامغا، بىرى پۇتۇمغا ئېسىلىپ، مېنى مىڭ مۇشەققەتتە توختاتتى. ئاندىن زىخ - چۆقال، جىڭ - سېۋەتلىرىنى پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرغاندەك ئۆتۈكۈمنىڭ قونچىدىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتلىرىدىن ئاجرىتىپ ئې-

لىپ كېتىشتى. مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار پايتىملىرىمنى تېرىپ تىقىپ، بىر قولۇمدا ئۆتۈكۈم-نىڭ ساقىسىدىن يېرىپ تىقىپ، ئۆتۈكۈمنى ياماقچىغا يامى-تىپ، بىر پېيىنى قىزىل، بىر پېيىنى قارا مايلىتىپ تە-ۋەككۇلنى ئاللاغا قويۇپ، ئاق ناننى ئۆزۈم يەپ، زاغرا نان-نى باللارغا قويۇپ، قېتىق ئىچكەن موللامدەك غېپپىلداپ مېڭىۋەردىم، مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر خىيابانلىققا چىقىپ قال-دىم، غىرىبچىلىقتا بىردەم ئارام ئالاي دەپ سارايغا كىرسەم، بىر لاتا قالپاق بېگىم ئاسمانغا قاراپ ئۇخلىسىغا، بوسۇغىنى توسۇپ توغرىسىغا يېتىۋاپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بېگىم، — دېدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نەدىن كەلدىڭ، ئوغلۇم؟ — دې-دى بېگىم.

— بىزنىڭ مەھەللىدىن.

— سېنىڭ مەھەللەڭ نەدە؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا.

— نېمە ئىش قىلاي دەپ كەلدىڭ؟

— ئۆزلىرىگە باشلىق بولاي دەپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى بېگىم ئۆيدەك چەكچىيىپ.

— ئۆزلىرىگە باخشى بولاي دەپ كەلدىم، — دەپ گې-پىمنى ئۆزگەرتىۋالدىم.

— باخشىلىقتىن خەۋىرىڭ بارمىدى، قانداقنى ئويناي-سەن؟ — دەپ سورىدى بېگىم.

— ئوينىغاندىكىن جىڭ ئالا بوزنى ئويناي، — دېدىم.

— ئەمىسە ئۆيدىكى قونداقتا بەش دانە قارچىغا قوندۇ-رۇقلۇق، ئۆزۈڭ چاغلاپ بىرنى ئېلىپ چىقىپ ئويناڭ، — دېدى بېگىم. مەن بەش قارچىغىدىن بىرنى قولۇمغا قوندۇ-

رۇپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قوندۇرۇپ، سوغۇقا راسا توڭدۇرۇپ، «ناي ـ ناي ـ ناي»غا ناخشا توۋلاپ، مازارمۇمازار، بازارمۇبازار مېڭىۋەردىم.

مەن قارچىغىنى قونداققا قوندۇرۇپ قويسام ئولتۇرالمىدى، قورسىقى ئاچقان ئوخشايدۇ، نېمە يېگۈزسەم بولىدىكىن؟ دەپ ئويلىنىپ، تەكچىگە قارىسام ئىككى ئاياقتا قېتىق تۇرۇپتۇ، قېتىقنى ئەكېلىپ ئالدىغا قويسام ئىچمىدى. نان چىلاپ بەرسەم ئىچەمدىكىن، دەپ قوشنىلاردىن خامان ۋاقتىدا بېرىشكە ئىككى ئارپا نېنىنى ئۆتنە ئالدىم، ئىككىگە تويماسمىكىن دەپ تۆتنى ئالدىم، ناننى قېتىققا چىلاپ ئالدىغا قويسام يەنە يېمىدى. مەن، تارتىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈم يېگۈزۈپ قوياي دەپ، قارچىغىنى ئىككى تىزىمغا قىسىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزىنى يېرىپ ئولتۇرۇپ، بوگۇنكى چاقچاق جۇۋانلار قوشۇقنىڭ دەستىسىدە ياغلىق ئۇچەي قۇيغاندەك تىققىلى تۇرۇۋىدىم، بىر ئاياق قېتىق بىلەن ئىككى ئارپا نې-



نى تۇگىگەندە قارچىغا «غىق» قىلىپ بىرلا كىيكىردى. قور-سىقى تويدى، پۇت ـ قولىغا ماغدۇر كىردى. دەپ ئۇنى لاپ قونداقتا قوندۇرۇپ قويسام، يەنە ئولتۇرالمىدى. لاتا قالپاق بېگىم:

— ئوغۇل بالا چاققان ! — دەپ مېنى چاقىردى.

— خوش بېگىم، — دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم.

— قارچىغا قېنى؟ — دەپ سورىدى بېگىم.

— سېۋەتكە باستۇرۇپ قويدۇم.

— ھەي ئوغرى، سېۋەتكە باستۇرۇپ قويغىلى ئاناڭنىڭ قاردا قالغان قۇشقىچىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ، بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ قارچىغىلىرى.

— يۈگۈرگىنە، قارچىغىنى ئېلىپ چىق، — دېدى. مەن كىرسەم قارچىغا قېتىق قۇسۇپ يېتىپتۇ، تۇمشۇقىنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، پالاقلىتىپ ـ شالاقلىتىپ كۆتۈرۈپ چىقتىم.

— ھەي ئوغرى، ئاۋايلاپ ئېلىپ چىقساڭ بولمامدۇ؟ بىر قارچىغا دېگەن نەچچە پۇل؟ مەدىكار دېگەننى، ئەستاغپۇرۇللا...

— بېگىم، قورسىقىنىڭ توقلۇقىغا شوخلۇقى تۇتۇپ كې-تىپ باشقۇرماق تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇنى.

— ماڭا بەرگىنە، — دەپ قولۇمدىن سىلىكىپلا ئالدى. ماڭا ئوبدان باھانە تېپىلدى:

— بۇنداق سىلكىسىلە قارچىغا تۇگۇل ئادەممۇ ساق قال-مايدۇ، بېگىم. بۇرۇن قىرىق توققۇزى كەم ئەللىك قارچىغا كۆندۈرگەنمەن، بۇنى كۆندۈرسەم ساقمۇ ساق ئەللىك بولاتتى. قارچىغا دېگەن جېنى نازۇك جانىۋار، سىلكىشلىرىگە چىدىماي ئۆلۈپ قالدىمىكىن دەيمەن.

لاتا قالپاق بېگىم قارچىغىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە قاراپ بېقىپ:

— هەي ئوغرى، قېتىق ئىچكۈزدۈڭمۇ بۇنىڭغا؟ — دېدى.

— يوقسۇ، بېگىم، قېتىق ئىچكۈزمىدىم.

— ماڭغىنا ئوغرى، قېتىقنى ئېلىپ چىق ! — دەپ ۋارقىرىدى بېگىم. ئەمدىغۇ بالانىڭ چوڭ كاللىسىغا ئۇسىدىغان بولدۇم دەپ قورقتۇم. بوسۇغىدا پۇتلاشقاندەك، كۆزۈم ئەجەب تورلاشقاندەك پالاقشىپ قويدۇم.

— هەي ئوغرى، قېتىقنى تۆكتۈڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى بېگىم.

— يوقسۇ، بېگىم، قېتىق قولۇمدا بار، ئاياقنى تاپالمايۋا-تىمەن.

— يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ يا؟

— يىقىلىپ چۈشمىدىم، ئورنۇمدىن قوپالمايۋاتىمەن، — دېدىم.

— چاققان ئالدىمغا چىق ! — دەپ ۋارقىرىدى بېگىم. يۈگۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.

— بۇ قارچىغا ئۆلۈپ قاپتۇ، يىراققا تاشلىۋەت، — دېدى بېگىم. قارچىغىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيماي كاللامغا تەلپەك قىلىپ كىيىپ، راۋاپنىڭ تارىسىنى بوم قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمغا غوم قىلىپ، ياخشى غىزا تاپسام ئاغزىمغا كوم قىلىپ، ئاپتاپلىققا چىقىپ ياتتىم. بىر چاغدا:

— ئوغۇل بالا چاققان، — دەپ قىچقاردى بېگىم.

— خوش، بېگىم، — دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردىم.

— بىكار يۈرسەڭ بۇزۇلۇپ كېتىسەن، خىزمىتىڭگە بىر مەدىكار قوشۇپ بېرەي، پاكار ئېشەكتىن بىرنى توقۇپ بېرەي، بىر لاچىنىم بار ئاپىرىپ كۆندۈرۈپ كەلگىن، — دېدى بېگىم.

— ئوبدان، شۇنداق قىلاي، بېگىم، — دەپ يولغا چىق-تىم. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن يېنىمدىكى خىزمەتچىم:

— ئوغۇل بالا چاقچان، لاچىننى بىر نەرسىگە سالغاچ ماڭماملا، — دېدى. مەن، بۇ لاچىن كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئادەملەرنىڭ ئوخشايدۇ، يوشۇرۇپ ماڭسام بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ، ئېشەكنىڭ بېلىدىن سەكرەپ چۈشتۈم، لاچىننى چاپاننىڭ يېڭىگە سېلىپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، تۆپىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇۋالدىم. خىزمەتچىم ھەيران بولۇپ:

— ئاداش، ئوغۇل بالا چاقچان، لاچىننى ئاۋۇ سازلىقتىكى ئۆردەك، قاشقالداقلا سالامدىكىن دېسەم، ئاستىلىرىغا باسۇرۇپ ئولتۇردىلا. سىلى لاچىننى كۆندۈرۈشنى بىلمەيدىكەنلا، قايتىپ كەتسىلە، لاچىننى ئۆزۈم كۆندۈرۈپ چىقاي، — دېۋىدى، بۇ گەپ ماڭا خۇشياقتى. مەن ئېشەك بىلەن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان لاچىننى ئۇنىڭغا بېرىپ، كەينىمگە ياندىم، بېگىمنىڭ تېخىچە كىشىگە كۆرسەتمىگەن موينا جۇۋىسىنى دولامغا غېرىبچە ئارتىپ «ناي - ناي - ناي»غا ناخشا توۋلاپ، قەدەمنى كىچىك بېسىپ، ئالدىرىماي ماڭدىم. مېنىڭ دىڭ قولاق ئالدىتاغىل دەپ بىر ئېتىم بار ئىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. مەن، يوكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگىلى كەپتۇ دەپ، خۇشال بولدۇم، موينا جۇۋىنى دىڭ قولاق تاغىلىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئىككى بېشىدىن تۆشىنى چىڭ تارتىپ قويدۇم. دىڭ قولاق ئالىتاغىل جۇۋا بىلەن تالىشىپ، چىشلەپ تارتىپ بەزى يېرىنى باشتەك، بەزى يېرىنى ياپىلاق تاشتەك ئۈزۈپ تاشلاپ مېڭىۋەردى. مەن بىرنىمۇ قويماي تېرىپ يىغىپ لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ئىگەر - توقۇم قويىدىغان ئۆيىگە تۆكۈپ قويدۇم. ئۇخلاپ ياتقان بېگىم مېنىڭ شەپەمنى ئاڭلاپ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى:

— ئوبدان چاغدا كەپسەن، ئوغلۇم، بەزگەك بولۇپ قالدىم، ۋاي سوغۇق، موينا جۇۋامنى ئۈستۈمگە يېپىپ قويغىنا، — دې-

دى. مەن جۇۋىنىڭ پارچىلىرىنى پۇتى تەرەپتىن تىزىپ بېلى-
گە كەلگەندە، بېگىم ئوڭ يان تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋىدى، جۇۋا
چۈۋۈلۈپ كەتتى، قايتىدىن كاللىسى تەرەپتىن تىزىپ بېلىگە
قەدەر يېپىپ قويسام، سول يان تەرىپىگە يەنە بىر ئۆرۈلۈۋى-
دى، جۇۋا يەنە چۈۋۈلۈپ كەتتى. بېگىم:

— ۋاي سوغۇق، هوي ئوغرى، جۇۋىنى تېزرەك ياپقىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مىدىرلىماي ياتسىلا، بېگىم، بولمىسا جۇۋا چۈۋۈلۈپ كېتىدۇ.

— چۈۋۈلۈپ كەتكىلى ياۋا قارسايلىقنىڭ كونا سېۋەتلى-
رىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ، بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ موينا جۇۋىسى.

— ماڭغىنا، ئوغرى، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ كۆزىنى
ئالايتتى. قورقۇپ قېچىپ تاشقىرىقى دەرۋازىدىمۇ هەرگىز
توختىمىدىم، ئوتتۇرا ئىشىكتە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدىم.

— نېمىشقا كەتمەي تۇرىسەن؟

— كېسەللىرى ئېغىركەن، ئۆلۈپ قالسىلا ئىچكىلىرىنى
تېڭىشقا لازىم بولارمەن، — دېدىم. ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز
ئېغىرلىشىپ، جان تالاشقىلى تۇردى. مەن قاراپ تۇرسام
ئەزرائىل مەندىنمۇ سورىماي، ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن يىپ
سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، كۆزۈمگە لىق ياش
ئېلىپ، قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك يىغلاپ كەتتىم: «قاراپ
تۇرسام مەن، ئۆلۈپ كەتتىڭ سەن، ئۆلسەڭ سەن ئۆلدۈڭ،
ماڭا نېمە غەم. ئايغىڭىزغا بارسام، بېشىڭىز قالدى، بېگىم،
بېشىڭىزغا بارسام، ئايغىڭىز قالدى، بېگىم. خۇدا يارىتىپتۇ
تاغ ئارىسىدا بۇ ساينى، قاچانغىچە سىزنى يادلاپ ئىچەلمەي
يۈرىمەن چاينى! كىشىنىڭ شەھىرىدە غېرىبچىلىقتا قالدىم،

سىزدەك گالۋاڭ بېگىمدىن خويمۇ ئوبدان قۇتۇلدۇم. ئايلىق-تىن ئۆلدىمىكىن دېسەم، تەرەت قىلىپ يېتىپسىز، بېگىم، توڭلاپ ئۆلدىمىكىن دېسەم، تەرلەپ كېتىپسىز، بېغىرىم، ئاق بېگىم...» مۇشۇ تەرىقىدە ئۇزۇنغىچە يىغلىدىم. ئاندىن مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار ئىمام بولدۇم، قاناتلىق قارا جامائەتلەر مېھمان بولدى، بېگىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنداق قىرائەت ئوقۇدۇم:

«ئاللاھۇممە بارىك ئەلا، ياغ ئالدىم دەپ جىگەر بىلەن بۆرەك ئالا، ئاياقۇ قوشۇقۇ قازانۇ تۇۋاق، ياۋا قاراساي، جىگدە قۇدۇق، بىجاقا، ئاق ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، سايىۋا ھەم مۇناقا، ئات ـ ئېشەك، قوي ـ ئۆچكە، كالايۇ توربىاقا، ئۆرۈك ـ شاپ-تۇل، بېھى ـ ئەنجۈر، ئالما ـ ئانار، ياڭاقا... ئۇلۇغ پەرۋەر-دىگارىم، لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ياتقان يېرىنى دوزاخنىڭ تۆۋ-رۈكى يېنىدىن قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر».

# نەغمەجان

بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق بىر يېزىدا بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ياشىنىپ قالغاندا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بۇ بالا بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر ئوغلى بولغاچقىمۇ، بالىنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ. كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى تولدۇرۇپتۇ. ئوغۇلمۇ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، بۇرۇتى خەت تارتىپ، رەسمىي يىگىتلەر قاتارىغا ئۆتۈپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئەقلى چولتىراقكەن، يىگىت بولۇپ قالغىنىغا قارىماي يەنىلا ئۇششاق بالىلار بىلەن لايدىن قورچاق ياساپ ئوينايدىكەن. بۇ ئىشقا بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بەكلا ئىچى پۇشىدىكەن. گەرچە بوۋاي بىلەن موماي بالىسىغا نەغمەجان دەپ ئىسىم قويغان بولسىمۇ، مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىغەمجان دەپ چاقىرىشىدىكەن.

بىر كۈنى نەغمەجاننىڭ ئاتىسى ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ:

— ئوغلۇم، ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، ئۇششاق بالىلار بىلەن ئوينايدىغان ۋاقتىڭ كەتتى. ئۆز ھالىڭغا قويۇپ بەرسەك، ساقىلىڭ مەيدەڭگە چۈشسىمۇ ئۆيلىنىشىڭنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان ئوخشايسەن. قىز ـ جۇۋانلار گەپ قىلسا بوينۇڭنى تولغاپ ھۆرپىيىپ قارىما. يىگىت دېگەن قىز ـ جۇۋانلارغا قاش ـ

پاش، تاش ـ پاش ئاتمىسا قانداقمۇ يىگىت بولالايدۇ؟ ئۇ دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

ئەتىسى نەغمەجان ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى كۆڭلىگە پۈ- كۈپ، كوچىدىن بىرەر قىزنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. نەغمەجان خېلى كۈتسىمۇ كوچىدىن بىرەر قىز ئۆتمەپتۇ. نە- غمەجان خىيالغا پېتىپ، تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. بۇ دەل رامزان ئېيى ئىكەن. گۇگۇم بىلەن مەھەللىدىكى باللار رامزان ئېيتىپ كېلىۋېتىپ نەغمەجاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى سوزۇشتۇرۇپ ئويغىتىپتۇ. نەغمەجان قورسقى ئاچقانلىقىنى سېزىپ دەرھال ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ. ئەتە- سى ئۇ يەنە بىر تامنىڭ دالدى- سىدا كوچىدىن ئۆتكەنلەرنى ماراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، يىراقتىن قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەن بىر جۇۋان كېلىۋات- قۇدەك. جۇۋان يېقىن كەلگەندە نەغمەجان ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ- تۇ، جۇۋان ھە- قىقەتەن چىراي- لىق ئىكەن. نە-



غەمجان ئېچىدە، قاش ئاتسىمۇ، تاش ئاتسىمۇ بولغۇدەك جۇۋانكەن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، جۇۋانغا قاراپ قاش ئېتىپتۇ، ئەمما جۇۋان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇ ئىشقا نەغەمجاننىڭ ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ، قاش ئاتسا قارىمىغان جۇۋانغا تاش ئاتقۇلۇق، دەپتۇ ـ دە، ئالدىدىكى يوغان بىر كېسەك پارچىسىنى ئېلىپ، جۇۋاننىڭ كەينىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كۈچەپ بىرنى ئۇرۇپتۇ. ھېلىقى جۇۋان ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي جايىدىلا يىقىلىپتۇ. نەغەمجان ھېلىقى جۇۋانغا قاراپ:

— ھوي ئاپئاق جۇۋان، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ئەتىگەن ناشتا قىلماي چىققانمىتىلە؟ تاۋار كۆڭلەك بىلەن دۇخاۋا كەمزۇلنى توپا قىلىۋەتسىلە ئاپىلىرى تىللايدۇ، يۇمشاق توپا ئىكەن، دەپ يېتىۋەرمىسىلە، — دەپتۇ. ھېلىقى جۇۋان يەنىلا گەپ قىلماپتۇ. نەغەمجان يەنە:

— ھوي خېنىم، مەيدە ئۇخلىغاندەكلا ئۇخلاپ كەتتىلىغۇ، بىزنىڭ قورۇدىكى باراڭنىڭ تېگىگە كۆرپە سېلىپ بېرەي، شۇ يەردە ئۇخلىسىلا، — دەپتۇ. جۇۋان يەنىلا زۇۋان سۇرمەپتۇ. نەغەمجان:

— ھوي... ياتسىلا، يېتىۋەرمەملا، — دەپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئاپىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ. نەغەمجاننىڭ ئاپىسى ئەمدىلا چاي دەملىگىلى چەينەكنى ئېلىپ ئوچاق بېشىغا ماڭغانىكەن، قولىدىكى چەينەك يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپتۇ.

— ۋاي جېنىم بالام، بالا ـ قازا مۇشۇ چەينەك بىلەن كەتسۇن. ساڭا بۈگۈن قانداق خۇشاللىق كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى.

— بىر جۇۋانغا تاش ئاتسام، گەپ قىلماي كوچىدا يې-

تىنۋالدى، — دەپتۇ نەغمەجان.
— ۋاي جېنىم بالام، تاش نەرىگە تەگكەنىدى، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ كىم سېنى كوچىدىن ئۆتكەنلەرگە تاش ئاتـ سۇن دېدى؟ — دەپتۇ ئاپىسى.
— ۋاي - ۋۇي، ئوغلۇم قىز - جۇۋانلارغا تاش ئاتقۇدەك بوپتۇ دەپ، خۇشال بولماقتا يوق، تېخى مېنى ئەدەپلەيمەن دەۋاتامسەن؟ سېنىڭ گېپىڭنى ئاتامۇ ئاڭلىماۋاتسا، مەن ئاڭلامتىم، — دەپ، ئاپىسىغا ھۆرپىيىپتۇ. ئاڭغىچە ئۆيگە بوۋاي كىرىپ كەپتۇ. نەغمەجان ھىجايغىنىچە ئاتىسىنىڭ ئال- دىغا كېلىپ:
— ئاتا، ئاتا، كوچىدا بىر جۇۋان كېلىۋېتىپتىكەن، كې- سەك پارچىسى بىلەن قولاق تۈۋىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى قو- يۇۋىدىم، گەپمۇ قىلماي يىتىۋالدى، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي دەررۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ- دە:
— بىرەرى كۆردىمۇ، بالام؟ — دەپ سوراپتۇ. نەغمەجان:
— سىيتنىياز مالىمانىڭ ئالا ئىنىكى كۆردى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
بوۋاي دەرھال بىر تاغارنى ئېلىپ، ئوغلىنى باشلاپ كوچىغا چىقىپتۇ. بوۋاي ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار ھاپىلا - شاپىلا ھىلىقى جۇۋاننى تاغارغا سېلىپ قوتانغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بوۋاي ئوغلىغا:
— ئوغلۇم، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېگۈچى بولما، بولمى- سا بېشىمىزغا بالا تېرىۋالىمىز، — دەپتۇ. نەغمەجان:
— مەن سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلساممۇ ماۋۇ ئاپام يەنە مېنى دۆشكەلەۋاتىدۇ. جېنىم ئاتا، مېنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئاپام دېگەن گالۋاڭنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ بەرگىنە. ئۇنداق قىلمى- ساڭ، بۇ ئىشنى مەن ھازىرلا كوچىغا چىقىپ ھەممە بالىغا

دەۋېتىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى نەغمەجاننى نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ ئەركە ئۆستۇرگەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرالماپتۇ. بوۋاي مومايىنى يالغاندىن بىر شاپىلاق ئۇرۇپ بەرگەن بولۇپ تەستە قۇتۇلۇپتۇ. بوۋاي نەغمەجانغا كۆن بويى چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ كوچىغا چىقارماپتۇ. ئەمما، بوۋاينىڭ خىيالى ھېلىقى جۇۋاننىڭ ئۆلۈكىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا بوپتۇ. گۇگۇم چۈشمەيلا نەغمەجان ئۇخلاپ قاپتۇ. بوۋاي قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە خۇپتەنگىچە خىيال سۈرۈپ، جەسەتنى يىراق بىر يەرگە ئاپىرىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ، ئەمما بوۋاينىڭ يا ئېشىكى، يا ھارۋىسى يوق ئىكەن. بوۋاي ياشىنىپ قالغاچقا، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى يالغۇز چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يەنە نەغمەجاننى ئويغىتىپتۇ.

— نېمە بولدى، ئاتا؟ — دەپتۇ نەغمەجان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ. بوۋاي:

— يۇر، بالام، سەيلە قىلىپ كىرىمىز، — دەپ، تاغارنى نەغمەجانغا كۆتۈرگۈزۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مەھەللىدىن خېلى يىراق بىر يەرگە كېلىپ توختاپتۇ. بۇ يەردە بىر سۈيى يوق قۇدۇق بار ئىكەن. ئۇلار تاغارنى ئاشۇ سۈيى يوق قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. بوۋاي قايتىپ كېلىپ يەنىلا كۆڭلى ئەمىن تاپماپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقتا ئاشۇ ئارزۇلۇق ئەركە ئوغلىدىن باشقا يەنە بىر تېكىسى ۋە بىر سەركىسى بار ئىكەن. بوۋاي سەركىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، تېكىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا نەغمەجان قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. بوۋاي تېكىنى سۈيى يوق قۇدۇقنىڭ بېشىغا يېتىلەپ كېلىپ ئۆلتۈرۈپ-

www.uyghurkitap.com

تۇ ـ دە، ئۇنىمۇ قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى نەغمەجان كوچىدا ۋاللەي ئويناۋاتسا بىر نەچچە كىشى ئۇششاق باللارغا قاق، جىگدە، ياڭاق تارقىتىۋاتقۇدەك.

— ماڭىمۇ بەرمەمسىلەر؟ — دەپتۇ نەغمەجان.

— مەيلى، بېرەيلى، يىگىت، ئەمما بىز سېنىڭدىن بىر ئىشنى سورايمىز، شۇنى دەپ بەرگىن، — دەپتۇ شاپ بۇرۇت-لۇق كىشى.

— ئاۋۋال بەرسەڭلار، ئاندىن دەپ بېرىمەن، — دەپ تۇ-رۇۋاپتۇ نەغمەجان. ھېلىقى كىشى نەغمەجانغىمۇ قاق، جىگدە، ياڭاقتىن بېرىپتۇ.

— سىلەرنىڭ نېمىنى سورايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، ھەرقاچان ھېلىقى قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەن جۇۋاننى سورايدىغانسىلەر؟ — دەپتۇ نەغمەجان.

— ھە، ھە... دەل ئۆزى شۇ، سەن ئۇنى كۆرگەنمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشىلەر.

— سىلەرنىڭ قىزلىرىڭمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ نەغمەجان ھېلىقى شاپ بۇرۇت كىشىدىن.

— ھەئە... مېنىڭ قىزىم... ياق، ياق، كېلىنىم، — دەپ-تۇ ھېلىقى كىشى ئالدىراپ ـ تېنەپ، — ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنا قىلغىلى كەتكەنىدى.

— نېمىلا قىلغىلى كەتسە مېنىڭ نېمە كارىم؟ — دەپتۇ نەغمەجان.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپتۇ ياشراق بىرى، — سەن تېخى ھېلىلا ئۇنىڭ قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەنلىكىنى ئېيتمىغانمىدىڭ؟

— قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ يې-شىل دۇخاۋىدىن كەمزول كىيگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئالتۇن

ھالقا سالغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئالتۇن ھالقا دېگەنچۇ، بىز-نىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى سېيىت توقۇمنىڭ قىزى ھېپە-زەكنىڭ قۇلىقىدىمۇ بار. باشقا ئادەمدە يوقتەكلا قىلىشىپ كەتتىغۇ ماۋۇ نېمىلەر، — دەپ، ئەتراپىدىكىلەرگە ئالىيىپتۇ نەغمەجان.

— ۋاي، دەل ئۆزى شۇ! سەن ئۇنى نەدە كۆردۈڭ؟ — دېيىشىپ، ھېلىقى كىشىلەر نەغمەجانغا چاڭ ئېسىلىۋاپتۇ.

— ھوي، قانداق توخۇ پوقى نېمىلەر بۇ؟ ئۇرۇشساڭ ئۆ-زۇڭنىڭ مەھەللەڭگە بېرىپ ئۇرۇشامسەن، خەقنىڭ مەھەللى-سىگە كېلىپ ئۇرۇشامدىكىنە، — دەپتۇ نەغمەجانمۇ بوش كەلمەي.

— بىز ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، ئادەم ئىزدەپ كەلدۇق، سەن كۆرمىسەڭ، ئۇنىڭ بەلگىلىرىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ — دېيىشىپتۇ ھېلىقى كىشىلەر.

— كۆرسەم قانداق قىلىشماقچىدىڭ؟ كۆردۇمغۇ. قاش ئاتسام قارىمىدى، تاش ئاتسام يېتىۋالدى. ئاتام ئىككىمىز تا-غارغا سېلىپ قوتانغا يوشۇرۇپ قويدۇق. كەچتە مەھەللىنىڭ چېتىدىكى سۇيى يوق قۇدۇققا تاشلىۋەتتۇق! قانداق؟ ئەمدىغۇ سورايدىغان گېپىڭلار قالمىغاندۇ؟ — دەپتۇ نەغمەجان. ھېلىقى بىرنەچچە كىشى نەغمەجاننى دۆشكەلەپ، سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىرىپتۇ. بوۋاينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ، ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ھېلىقى كىشىلەرگە ئۆزرە قويۇپتۇ:

— بۇ بالا تۇغۇلۇشتىلا چالا تۇغۇلۇپ قالغان. تاقتا-تۇققا گەپلەرنى قىلىپ ھەرقايسىلىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ، كەچۈرۈشسىلە، — دەپتۇ. بوۋاي ھەرقانچە ئۆزرە قويسىمۇ، ھېلىقى كىشىلەر نەغمەجاننىڭ دېگەنلىرىنى راستقا چىقىرىپ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي ئۇلارنى زادىلا گەپكە كۆندۈرەلمەپتۇ. ھېلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كىشىلەر، سۇيى يوق قۇدۇققا بېرىپ قاراپ باقمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ئۇلار بوۋاي بىلەن نەغمەجاننى ئېلىپ سۇيى يوق قۇدۇقنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ.

قارىغۇدەك بولسا قۇدۇق ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئىچىمۇ ناھايىتى قاراڭغۇ ئىكەن. ھېچكىم قۇدۇققا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇلار ئۇزاقىچە تالاش - تارتىش قىلىشىپتۇ، يەنىلا نەغمەجاننى چۈشۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. نەغمەجاننىڭ بېلىگە ئارغامچىنى باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ. يۇقىرىدىكىلەر قۇدۇق ئاغزىغا كېلىپ:



— ھەي، بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. نەغمەجان ئۇلارغا:

— توختاپ تۇرۇڭلار، باردەك

قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. نەغمەجان قاراڭغۇدا بىرھازا ئەتراپنى مالتىلاپ، تېكىنىڭ ساقىلىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— هوي، قىزىڭلارنىڭ ساقىلى بارمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. جوۋاننىڭ قېيناتىسى ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ گاڭگىراپ قاپتۇ. ئاربىدىن بىرى: «تېپىلغىنى ئەۋزەل، بار ئىدى دەيلى، ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرمەيمىزمۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. جوۋاننىڭ قېيناتىسى تۆۋەنگە قاراپ:

— هە، هە... بار ئىدى، تېپىلدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. نەغمەجان يەنە سىلاشتۇرۇپ، تېكىنىڭ بىر جۈپ مۈڭگۈزىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— هوي، قىزىڭلارنىڭ مۈڭگۈزى بارمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. «بار ئىدى، دەيلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ هېلىقى كىشى جوۋاننىڭ قېيناتىسىغا. جوۋاننىڭ قېيناتىسى تۆۋەنگە قاراپ:

— هەي، ئاڭلاۋاتامسەن؟ بار ئىدى، بار ئىدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. نەغمەجان يەنە سىلاشتۇرۇپ، تېكىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— قىزىڭلارنىڭ قۇيرۇقى بارمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— چېچىنى دەۋاتسا كېرەك، — دەپتۇ ئاربىدىن بىرى. قىزنىڭ قېيناتىسى يەنە تۆۋەنگە قاراپ:

— ۋاي بار ئىدى، بار ئىدى. ئەزمەڭنى ئەزمەي بولمامسەن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. نەغمەجان يەنە سىلاشتۇرۇپ تېكىنىڭ پۇتلىرىنى بىردىن ساناپ چىقىپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— قىزىڭلار ئىككى ئاياغلىقمىدى، تۆت ئاياغلىقمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. قولىنىمۇ پۇت دەپ يۈرەمدۇ نېمە بۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ جوۋاننىڭ قېيناتىسى ۋە تۆۋەنگە قاراپ:

www.uyghurkitap.com

— نەچچىلا ئاياغلىق بولسا مېنىڭ كېلىنىم. ئاۋۋال ئار-غامچىغا باغلا، تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ گەپلەر بىلەن نەغمىجاننىڭ كارى بولماپتۇ. ئۇ تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تېكىننىڭ بەدەنلىرىنى سىلاشتۇرۇپتۇ - دە، يۇقىرىغا قاراپ:

— ۋاي - ۋۇي... نېمىدېگەن يۇڭلۇق جۇۋان بۇ؟ قانداق-مۇ ئەر ئالغان بولغىيتى بۇنى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. جۇۋاننىڭ قېيناتىسى غەزەپ بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— قانداق نائەھلى بىرنېمىسەن؟ كېلىنىمنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي مىجىقلاپ چىقتىڭغۇ. ئەگەر يەنە ئارغام-چىغا باغلىمايدىغان بولساڭ، ئۈستۈڭدىن تاش ئېتىپ مىجى-قىڭنى چىقىرىۋېتىمەن!

بىر چاغدا نەغمىجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ھوي خالايىق، ئىشىنىڭ قىزىقى تېخى ماۋۇ يەردىكەن.

يۇقىرىدىكىلەر: «نېمە دەيدىغاندۇ؟» دېيىشىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشۇپتۇ. نەغمىجان سىلاشتۇرۇپ تېكىننىڭ چات-رىقىدىكى كىچىك بالىنىڭ پومزىكىدەك بىرنېمىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ:

— ھوي... قىزىڭلارنىڭ پوردىقى بارمىدى؟

يۇقىرىدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي قېتىپلا قاپتۇ. ئاڭغىچە بوۋاي:

— ھوي بۇرادەرلەر، مەن بايىلا ئېيتتىمغۇ، ئوغلۇمنىڭ خېلىلا دەردى بار. بىچىرىم ئادەم بۇنداق گەپنى قىلامدۇ؟ — دەپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر:

— راستتىنلا ساراڭ نېمىكەن بۇ، بىزنى كولدۇرلىتىپ-تۇ، — دېيىشىپ، كېتىپ قاپتۇ.

# ئەسىت، ھۈنىرىم

بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى تۇتۇپ قالسا، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە نۆكەرلىرىنى ئېلىپ كوچا ئايلىنىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا يولۇققان پۇقرالارنىڭ بىرەرى قىلدىن قىيىق كېتىپ قالسا يا-كى مىجەزىگە ئازراق ياقماي قالسا، ئۇنى شۇ زامات ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىكەن، شۇڭا بۇ يۇرتتا سەھرادىكى كىشىلەر شەھەرگە كىرىشتىن، شەھەردىكى كىشىلەر كوچا - كويلارغا چىقىپ ئەركىن يۈرۈشتىن، بولۇپمۇ پادىشاھنىڭ كۆزىگە چې-لىقىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىكەن.

بىر كۈنى شۇ يۇرتنىڭ يىراق تاغلىق يېزىلىرىنىڭ بى-رىدە ياشايدىغان بىر دېھقان شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ شەھەرگە بىرىنچى قېتىم كىرىشى ئىكەن. شەھەردىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا يېڭىلىق كۆرۈنۈپ ئارىلاپ يۈرگىنىدە، بىر ھەيۋەتلىك توپقا يولۇقۇپ قاپتۇ. بۇ ساددا دېھقان بۇلارنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئەسلىدە قان تۆكۈش خۇمارى تۇتقان زالىم پادىشاھ باشچىلىقىدىكى توپ ئىكەن. ھېلىقى دېھقاننى كۆرگەن پادى-شاھ دەرغەزەپ بولۇپ، جاللاتلىرىغا بۇيرۇپتۇ:

— ماڭا سالام قىلمىغان بۇ ئەدەپسىز دەرھال جازا مەيدا-

www.uyghurkitap.com

نىغا ئېلىپ بېرىلىپ دارغا ئېسىلسۇن !

پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن بۇيرۇق چىقىپ بولغۇچە، جاللاتلار ھېلىقى بىچارە دېھقاننى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ دېھقاننىڭ دارغا ئېسىلى-شىنى «تاماشا» قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە نۆكەرلىرى بىلەن بىللە يىراقتا قاراپ تۇرۇپتۇ.

دېھقان دار تۈۋىگە كېتىپ بېرىپ:

— ئىسىت، ھۈنىرىم، ئىسىت، ھۈنىرىم ! ئۆزۈم ئۆل-سەممۇ مەيلى، ھۈنىرىممۇ بىللە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، — دەپ، توختىماي يىغلىغۇدەك. جاللاتلار ھەيران بولۇپ:

— شۇنچە «ئىسىت» دەپ كەتكۈدەك نىمە ھۈنىرىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقان:

— پادىشاھ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىمەن. ئەگەر پادىشاھ ھۈنىرىمنى ئاڭلايدىغان بولسا، چوقۇم بىر قو-شۇق قېنىمدىن كېچىدۇ، — دەپتۇ — دە، يەنە «ئىسىت، ھۈ-نىرىم» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. جاللاتلار ئۇنىڭ ھۈنىرىنى شۇنچە بىلىۋالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق دېھقان: «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىمەن» دەپ زادىلا دېگىلى ئۇ-نىماپتۇ. ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش جاللاتلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن.

جاللاتلار ئەنە شۇنداق ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، دېھقاننىڭ تېخىچە دارغا ئېسىلمىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن پا-دىشاھ نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن بىر نۆكىرىنى ئەۋەتىپتۇ. نۆكەر قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا:

— ئى قۇدرەتلىك شاھىم، دېھقان «ئۆزۈم ئۆلسەممۇ مەيلىدى، بىراق ھۈنىرىممۇ بىللە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، ئىسىت، ھۈنىرىم» دەپ يىغلاۋېتىپتۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— نېمە ھۈنىرى بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىپ بې-رەتتىم، دەپ دېگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ نۆكەر.

پادىشاھ، قىزىق، ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئوشۇق كۆرىدىغان قانداق ھۈنەردۇ بۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دېھقاننى قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار شۇ ھامان دېھقاننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ كەپتۇ.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار ئىدى؟ ئېيتە! — دەپتۇ پادىشاھ دېھقانغا.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتىمەن، — دەپتۇ دېھقان. ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان پادىشاھ:

— بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، ئېيت! — دەپتۇ. دېھقان:

— ئى قۇدرەتلىك شاھىم، مېنىڭ قېتىققا نان چىلاپ يەيدىغان ھۈنىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ.



ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كې-تىپتۇ. زالىم پادىشاھ يا غەزەپلىنىشىنى، يا كۈ-لۈشنى ئۇقالماي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دېھقان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپ-تۇ.

«قېتىققا نان چىلاپ يەيدىغان ھۈنىرى بار» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئىككى گىرى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئىككى گىرى ئۆتكەنىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى مەتباقى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مەتساقى ئىكەن. بۇ ئىككىسى شۇنداق دوست ئىكەنكى، ئۆزئارا سىر ساقلاشمايدىكەن.

بىر كۈنى مەتباقى ئاغىنىسى مەتساقىنى مېھمان قىلماقچى بولۇپ، ئېتىز ئارىلاپ بېرىپ قىسماق قۇرۇپ، بىر قۇشقاچ تۇتۇپ كەپتۇ. ئۇ قۇشقاچنى سويۇپ پولۇغا بېسىپ مەتساقىنى چاقىرتىپتۇ. مەتساقى پولۇنى يەپ راسا مېھمان بولۇپ قايتىپتۇ. ئۆيگە بېرىپ، بۇ ئاغىنەم مېنى بىر قۇشقاچ ئۆلتۈرۈپ پولۇ ئېتىپ چاقىردى، مەنمۇ ئۆيۈمگە بىر چاقىرىپ مېھمان قىلىپ قويسام بولاتتى، دەپ ئويلاپ، بىر كۈنى شۇنداق كېتىپ بارسا، بىر تېرەكنىڭ كامىرىدىن بىر پاختەكنىڭ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ــ دە، پاختەكنىڭ ئۇۋىسىدىن ئۈچ تۇخۇمنى تېپىپ ئەكېلىپ، پولۇ ئېتىپ مەتباقىنى مېھمان قىپتۇ. مەتباقى پولۇنى يەۋېتىپ، بۇ ئاداش مېنى ئاران پاختەكنىڭ ئۈچ تۇخۇمىنى بېسىپ مېھمان قىلدى. مەن بىر قۇشقاچ ئۆلتۈرگەن تۇرسام. بۇ ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ، قايتىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئۇدۇل يامۇلغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ. يامۇلدىن دورغا ئەۋەتىپ مەتساقىنى چاقىرتىپ ئەكېلىپتۇ ۋە

يامۇل بېگى مەتساقىنى سوراق قىلىپ:

— ھەي گىرى ! پاختەكنىڭ ئۈچ تۇخۇمىنى بىر داچەنگە ئالىدۇ، بىر قۇشقاچنى ئۈچ داچەنگە ئالىدۇ، سەن مەتباقىنىڭ ئىككى داچەننى ئۈچ كۈن مۆھلەت ئىچىدە تۆلەپ بېرىسەن ! — دەپ بۇيرۇپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەتباقى مەتساقىنىڭ ئۆيىگە قەرزىنى سۈيلەپ بارغاندا، مەتساقىنىڭ ئىككى داچەن تۇگۇل بىر داچەن پۇلىمۇ چىقماپتۇ. مەتباقى ئۇنىڭدىن:

— قاچان بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆگۈنلۈككە بېرەي، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ مەتساقى.

مەتباقى كەتكەندىن كېيىن، مەتساقى خوتۇنىغا:

— ۋاي خوتۇن، مەتباقى ئۆگۈنلۈككە يەنە كېلىدۇ. بىز بۇ ئىككى داچەننى بېرەيلى دېسەك ھېچ نەرسىمىز بولمىسا، نېمىنى بېرەرمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالاي، سىلى مېنىڭ ئېڭىكىمنى تېڭىپ، پۇتۇمنى چېتىپ قويۇڭلا، ئاندىن ئۆگزىگە چىقىپ: «ۋاي ئاخۇنۇم» دەپ، راسا يىغلاڭلا. مۇشۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى داچەندىن بىر قۇتۇلۇپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

— ۋاي ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ خوتۇنى.

ئۆگۈنىمۇ كەپتۇ. بۇ كۈنى مەتساقىنىڭ خوتۇنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، يىراقتىن بىر ئادەم چاپىنىنىڭ پېشىنى سۆرەپ كېلىۋاتىمىش.

— ۋاي ئەركىشى، ھېلىقى بىرنېمە كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ مەتساقىنىڭ خوتۇنى ئۆيگە كىرىپ.

— ئۇنداق بولسا مەن دېگەندەك قىلىڭلا، — دەپتۇ مەتساقى.

خوتۇنى دەرھاللا مەتساقىنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىپ، پۇتىنى چېتىپ قويۇپتۇ. مەتساقى ئۆلگەن بولۇپ يېتىپتۇ. ئارقىدىن

خوتۇنى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ:

— ۋاي ئاخۇنۇم، ۋاي ئاخۇنۇم ... — دەپ نالە ـ پەرياد قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

مەتباقى ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە يىغلاۋاتقان خوتۇنغا قاراپ:

— ۋاي نېمە بولدىلا؟ — دەپ سورىغانىكەن، خوتۇن يىغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي دېمىسىلە، ئاخۇنۇم تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتتى ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ. مەتباقى بۇنى ئاڭلاپ:

— ۋاي ئىسىت، بۇ ئاغىنەمدە ئىككى داچەن پۇلۇم بار ئىدى، شۇنى بېرەلمەي ئاخىرەتكە بىرگە ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بىز ئىككىمىز نەچچە يىلدىن بېرى بىر ـ بىرىمىزگە شۇنداق ئامراق ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى ئۆلۈكىنى ئۆز قولۇم بىلەن يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىككە قويۇۋېتىپ كېتەي، — دەپ، ئۆرۈك ئوتۇنىنى ئوچاققا راسا قالاپ قازاننى قاينىتىپ، نوگايغا قايناق سۇنى ئېلىپ «ئۆلگەن» مەتساقىنىڭ قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە قۇيغانىكەن، مەتساقى «ۋايجان !» دەۋېتىپ يەنە جىم يېتىۋاپتۇ. مەتباقى يەنە بىر نوگاي قايناق سۇنى ئەكېلىپ ئىككىنچى قۇلىقىغا قۇيۇپتىكەن، «ۋايجان !» دەپ يەنە جىم يېتىۋاپتۇ. مەتباقى: «ھە، ئەمدى بۇ ئاغىنەمنى يەرلىكىدە قويىمەن» دەپ، جامائەت بىلەن بىللە يەرلىككە ئەكىرىپ قويۇپتۇ. مەتباقى يەرلىككە توپا تاشلاشقا تەمشەلگەن جامائەتكە قاراپ:

— ئۇنىڭ تاش يەرلىكىنى ئەتمەي قويۇڭلار، بۇ ئاغىنەمدە مېنىڭ ئىككى داچەن پۇلۇم بار، بۇ دۇنيادا ئالالماي، ئۇ ئالەمگە قالغانىدى. ئەمدى بۇ يەرگە ئازاب پەرىشتىلىرى كىرىدۇ، مەن شۇ پەرىشتىلەر ئارقىلىق قىيامەتتە ئالىمەن، —

www.uyghurkitap.com

دەپ، مەتساقىنىڭ ئۆلۈكىنى گۆرنىڭ بىر چېتىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزى يەرلىكنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ قىستىلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. قورسىقى ئاچسا، گۆردىن چىقىپ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەپ كەپتۇ. بۇ پۇرسەتتە مەتساقىنىڭ خوتۇنىمۇ ئېرىگە ئاش توشۇپ بېرىپتۇ. مۇشۇنداق ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كې-چىسى ئۈچ ئوغرى ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى ئۈلەشمەكچى بو-لۇپ، ھېلىقى زاراتلىققا بېرىپ ئۇندا مېڭىپ، مۇندا مېڭىپ گىرىلەر ياتقان گۆرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئوغرىلاردىن بىرى:

— ھەي، بۇ يامبۇلارنى قەيەردە ئۈلىشىمىز؟ — دەپتۇ.

يەنە بىرى دەپتۇ:

— ۋاي ئاغىنىلەر، مانا بۇ يەردە ئاغزىنى ئەتمىگەن يەر-لىك تۇرمامدۇ، مۇشۇ يەرلىككە كىرىپ ئۈلەشمەيمىزمۇ.

بۇ ئۈچ ئوغرى ماقۇل بولۇشۇپ ئارقا - ئارقىدىن يەرلىك ئىچىگە كىرىپتۇ - دە، بېشىدىكى تۇماقلىرىنى يېنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئوغرىلاپ كەلگەن يامبۇنى ساناپتىكەن، ساق ئون يەت-



تە يامبۇ چىقىپتۇ. ئۈچ ئوغرى ئۆلىشىپتىكەن، بەشىنچى تې-
گىپ ئىككى يامبۇ ئېشىپ قاپتۇ. ئوغرىلار ئېشىپ قالغان
ئىككى يامبۇنى ئۆلىشەلمەي جىدەللەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئاشۇ
پەيتتە گۆرنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىۋالغان مەتباقى:

— مەن جاپانى كۆپ تارتتىم، بۇنى مەن ئالىمەن، — دەپ، ئورنىدىن قوپۇپتىكەن، ئۈچ ئوغرىنىڭ جان - پېنى چىقىپ ئون يەتتە يامبۇنى تاشلاپ قېچىپتۇ. ئوغرىلار بىر يەرگە بېرىپ توختاپتۇ. ئوغرىلاردىن بىرى شېرىكلىرىگە:

— ۋاي ئاداشلار، بۇ ئون يەتتە يامبۇنى يەرلىككە كىرمەيمۇ بۆلۈشۈۋالاركەنمىز، قاراپ تۇرۇپ بۇ بايلىقنى تاشلىۋېتىپ كەلدۇق، ئارقىمىزغا يېنىپ بېرىپ ئەكىلىۋالايلى، — دەپتۇ، لېكىن قالغان ئىككىسى ئۇنىماپتۇ. ھېلىقى ئوغرى:

— سىلەر بارمىساڭلار، مەن بېرىپ ئېلىپ كېلىمەن، — دەپ، ئارقىسىغا يېنىپ يەنە ھېلىقى يەرلىككە بېرىپتۇ. ئۇ، كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ دەپ، يەرلىك بېشىدا بىرھازا قاراپ ئولتۇرۇپ ئاخىر كىرىپ بېقىش قارارىغا كېلىپ، ئاستا بېشىنى تىقىپ قاراپ باققۇدەك بولسا، ھېلىقى يەرلىكنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرغۇدەك، نېمىلا بولسا بىر كىرىپ باقاي دەپ كىرىپتىكەن، يەرلىكنىڭ ئىچىدە ماراپ تۇرغان مەتباقى پەملەپ تۇرۇپ ئوغرىنىڭ ئارقا دوقمىسىغا بىرنى ئۇرۇپتىكەن، ئوغرى ئالدىغا دۈملا چۈشۈپتۇ. ئوغرى ئورنىدىن شۇ ھامان تۇرۇپتۇ-دە، گۆردىن چىققان پېتى ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. شۇ قاچقانچە ھېلىقى ئىككى شېرىكىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئوغرىلاردىن بىرى:

— ۋاي ئاداش، نېمە كارامەت كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ:

— ۋاي ئاغىنىلەر، يەرلىككە كىرىپ ئاجايىپ بىر كارا-

مەتنى كۆردۈم، جان ـ پان چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى
دەڭلا. ئاخۇنۇملار: «گۆرگە كىرگەندە ئوتلۇق گۈرزە بار، بىرنى
قويسا ئادەم تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىدۇ» دەيتتى. راست دې-
گەندەك، گۆردىكى سوئال ـ سوراق ئۈستىگە كىرىپ قالغاند-
كەنمەن، پەرىشتىلەر ئارقا دوقامغا بىرنى قويۇۋىدى، تاس قال-
دى جېنىم چىقىپ كەتكىلى. شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ قېچىپ
كەلدىم. ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارمايمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭ-
لىغان ئىككى ئوغرى تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
بۇ ئۈچ ئوغرى قورقۇنچىلىقتا قېچىپ كېتىپتۇ. ئوغرىلار
قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، مەتباقى ئورنىدىن تۇرۇپ يالغان
ئۆلۈۋالغان مەتساقىغا:

— ھەي، ئەمدى ئورنۇڭدىن قوپقىن! خۇدا بىزگە ئون
يەتتە يامبۇ بەردى. مەن تىرىك بولغاندىكىن ماۋۇ ئون بەش
يامبۇنى ئالاي، ھېلىقى ئىككى داچەن پۇلدىنمۇ ئۆتتۈم. سەن
ئۆلۈك بولغاندىكىن پۇلمۇ خەجلىمەيسەن، شۇڭا سەن ئىككى
يامبۇنى ئالغىن، — دەپ ئىككى يامبۇنى ئالدىغا قويۇپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەتساقى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ يولىغا قاراپ راۋان
بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# كاج خوتۇننىڭ ئۆلۈمى

بىر موزدۇزنىڭ خوتۇنى بەكمۇ كاج ئىكەن. بۇ خوتۇن نىمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلىدىكەن، ئېرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ پايدىلىق مەسلىھىتىگە ھەرگىز قۇلاق سالمايدىكەن، ھەتتا تاكاللىشىدىكەن، قىلما دېگەن ئىشنى ئۈچ كۈن بۇرۇن قىلىدىكەن، بارما دېگەن يەرگە ھەپتە بۇرۇن بارىدىكەن. موزدۇز بۇ كاج خوتۇننىڭ دەستىدىن ئارامخۇدا ئىشمۇ قىلالمايدىكەن. بىر كۈنى ئاخشىمى موزدۇز ئىش قىلىپ ئولتۇرۇپ، خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ئەتە كۈنگە يەكشەنبە، سىلە ئاتا ـ ئاناڭلىنىڭ ئۆيىگە بارماڭلا، ئىشىم ئالدىراش، ماڭا بىر ئاز يېپ ئېشىپ بېرىڭلا ماقۇلمۇ؟ — دەپتۇ.

— نىمە؟ ئۆلسەممۇ بارىمەن ! — دەپتۇ خوتۇنى. موزدۇز خوتۇنىنىڭ كاجلىقىنى ئويلاپ:

— بوپتۇ، بارساڭلىمۇ بېرىڭلا، خوتۇن، لېكىن كېچىدە ماڭماڭلا، — دەپتۇ.

— مۇشۇنداق دېگەنلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ كېچىدە ماڭمەن تازا ! — دەپتۇ خوتۇنى چالۋاقاپ.

— ئۇنداق بولسا، لاك ـ لاك كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي، ئايلىنىپ چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈڭلا، — دەپتۇ ئېرى.

— ئاشۇ لىك - لىك كۆۋرۈكتىن ئۆتمەنغۇ ! قانداق، گەپلىرى بارمىدى؟ !

— سىلىنىڭ بىلىڭلىنى باغلاپ، قوينۇڭلىغا تاش سې-لىنۋالىدىغان بىر ئەسكى ئادىتىڭلار بار، ئەگەر لىك - لىك كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭلا، ھەرگىز بۇ ئىشنى قىلماڭلا.

— لىك - لىك كۆۋرۈككە بارغاندا بېلىمنى باغلاپ، قوينۇمغا يوغان تاشتىن سېلىۋالىمەن، قانداق قىلاتتىڭلا؟

— نېمە قىلساڭلا قىلىڭلا، خوتۇن، لېكىن لىك - لىك كۆۋرۈكتىن سىلىق ئۆتۈپ كېتىڭلا، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كې-تىۋاتقاندا ھەرگىز سەكرىمەڭلا ! — دەپتۇ موزدوز نائىلاج.

— ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، — دەپتۇ خوتۇنى جاھىللىق بىلەن، — تازا سەكرەپ ئۆتىمەن !

شۇنىڭ بىلەن بۇ كاج خوتۇن يېرىم كېچە بولغاندا، ئې-رىگە تۇيدۇرماي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ. چوڭ كۆۋرۈك بىلەن ماڭماي، ئۇدۇل لىك - لىك كۆۋرۈككە قاراپ مېڭىپتۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن بېلىنى چىڭ باغلاپ، يوغان تاشتىن ئىككىنى قوينىغا ساپتۇ - دە، لىڭشىپ ئارانلا تۇرغان ئاجىز كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە: «مې-نى تېخى سەكرىمەي، سىلىق ئۆتۈپ كېتىڭلا دەيدا !» دەپ، ئېرىنى تىللىۋېلىپ بىر سەكرىگەنىكەن، كۆۋرۈك قاق ئوتتۇ-رىسىدىن سۇنۇپ كېتىپتۇ. كاج خوتۇنمۇ سۇغا غەرق بولۇپ بېشىنى يەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «جاھىل ئۆزى بېشىنى يەي-دۇ» دېگەن سۆز كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغانىكەن.

www.uyghurkitap.com

# گول چامغۇۋاي

بۇرۇنقى زاماندا، كۈنپېتىش تاماندىكى بىر يۇرتتا بىر ئەر ـ خوتۇن ياشايدىكەن. ئەرنىڭ ئىسمى گول چامغۇۋاي، ئايالىنىڭ ئىسمى شادىخان ئىكەن. شادىخان ھەر كۈنى تاماقتىن كېيىن ئوچاقتا بەش نان ياقىدىكەن، ئىككى نانلىق خېمىر ئېشىپ قالىدىكەن.

بىر كۈنى گول چامغۇۋاي خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

— ھەر كۈنى نان ياقىنىڭدا ئىككى نانلىق خېمىرنى ئاشۇرۇپ قويىسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ۋايتاڭەي، ھېچ بىلەلمىدىم. مالال كەلمىسە ئانامدىن سوراپ كەلسىلىچۇ؟ — دەپتۇ شادىخان.

گول چامغۇۋاي قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ، كۈن تاغ كەينىگە قايرىلغاندا قېينانىسىنىڭ ئىشىكىگە كەپتۇ ۋە:

— ئانا، مەن كەلدىم، ئىشىكنى ئاچسىلا، — دەپتۇ.

— كەلسىلە، بالام، — دەپتۇ ئۇنىڭ قېينانىسى ئۆيدىن چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى قېقىشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. گول چامغۇۋاي قېينانىسىنىڭ سالام ـ سەھەت ۋە گەپ ـ سۆزىگىمۇ قارىماستىن بەلۋېغىنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. قېينانا بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ ھەم

قىزىم بىرەرنەرسە ئەۋەتكەن بولسا تاپالمايۋاتامدىكىن، دەپ ئويمۇنۇپ قاپتۇ. ئاخىر گۈل چامغۇۋاي سوراپتۇ:

— بالام، بىر نەرسىلىرى يوقمۇ؟

— ھە، يوق، يوق. خوتۇن بىر گەپ دېگەنىدى، ئۇنى بەلۋېغىمغا چىگىپ قويسام يوق تۇرىدۇ، — دەپتۇ گۈل چامغۇۋاي ۋە ئاختۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قېينانا سەمىمىي ھالدا:

— يۇرسىلە، بالام، يىتكەن نەرسىمۇ چىقىپ قالار، ئۆيگە كىرىپ چاي - پاي ئىچىپ ئىزدەيلى، — دەپتۇ.

گۈل چامغۇۋاي ئۆيگە كىرگەن پېتى پۇتلىرىنى كېرىپ سوزۇلۇپ يېتىۋاپتۇ، قولىغا سۇ، ئالدىغا مەزە ئەكەلسىمۇ قوپماپتۇ. بىر چاغدا قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى چاچراپ تۇرۇپ:

— تاپتىم، تاپتىم، — دەپتۇ.

— نېمىنى تاپتىلا، بالام، ئېيتسىلا قېنى؟ — دەپتۇ قېينانا.

— قىزلىرى شادىخان ئوچاققا ھەر كۈنى بەش نان ياقىدۇ، لېكىن ئىككى نانلىق خېمىر ئېشىپ قالىدۇ. قانداق قىلسا ئىككى نانلىق خېمىر ئېشىپ قالمايدۇ، دەپ بەرسىلە، ئانا! — دەپتۇ گۈل چامغۇۋاي. گۈل چامغۇۋايىنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان قېينانا ئۇنىڭغا سەمىمىي جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بالام، بىر جىڭ ئۇندا ئىككى نان بولىدۇ، يەنە بىر چاڭگال ئۇندا ئىككى نان بولىدۇ. ئۇنىڭغا بىر سىقىم ئۇن قوشسا جەمئىي بەش نان بولىدۇ. بۇنى قىزىمغا ئۇنتۇپ قالماي ئېيتىپ قويسىلا.

گۈل چامغۇۋاي چۈشىنەلمەي ھاڭقېتىپ - داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، قوللىرىنى جۈپلەپ قېينانىسىغا ئوخشاش قىلىپ بېقىپمۇ قاملاشتۇرالماپتۇ. كۈيئوغلىنىڭ ھېچ نەرسىنى ئاڭ-

قىزالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قېينانا ئىككى ئالىقىنىنى بىر-بىرىگە جۈپلەپ تۇرۇپ ھەرىكەت بىلەن كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

— مۇشۇنچىلىك ئۇندا ئىككى نان، يەنە مۇشۇنچىلىك ئۇندا ئىككى نان بولىدۇ، — ئۇ بىر ئوچۇمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — مۇنچىلىك ئۇندا بىر نان بولىدۇ. ئۇنتۇپ قالماي مۇنداقراق، مۇنچىلىك دەپ ماڭسىلا، بالام!

گول چامغۇۋاي قېينانىسى كۆرسەتكەندەك «مۇنداقراق، مۇنداقراق، مۇنچىلىك» دەپ، مېڭىپ بىر جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. جاڭگالدا بىر ئوۋچى كېيىكنى قارىغا ئېلىپ ياتقانىكەن، گول چامغۇۋاينىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىن كېيىك ئۈركۈپ كېتىپ قېچىپتۇ. غەزەپلەنگەن ئوۋچى گول چامغۇۋاينى تۇتۇۋېلىپ بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ. لېكىن، گول چامغۇۋايمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇ ئوۋچىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— سەن مېنى ئۇرۇپ، گېپىمنى يىتتۇرۇۋەتتىڭ، تۆلە، مەن ئەمدى نېمىدەپ ماڭىمەن؟ — دەپتۇ. ئوۋچى ئۇرۇشتىن توختاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە:

— بىرى ئون بولسۇن، ئونى يۈز بولسۇن، يۈزى مىڭ بولسۇن، مىڭغىلداپ كەتسۇن، دەپ ماڭ، — دەپتۇ.



گول چامغۇۋاي بۇ سۆزنى تەكرارلاپ يولنى داۋام قىپتۇ، بىر يەرگە بارسا، بىر پادىچى بالا قويىغا چۈشكەن

پىتلارنى تېرىپ بولالماي تېرىكىپ تۇرغانىكەن. گۈل چامغۇۋاي ئۇۋچى ئۆگەتكەن سۆزنى تەكرارلاپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. پادىچى بالا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپتۇ ـ دە، ئۇنى بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ. گول چامغۇۋايمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇ:

— سەن مېنىڭ گېپىمنى يىتتۇرۇۋەتتىڭ، تۆلە، ئەمدى مەن نېمىدەپ ماڭىمەن؟ — دەپتۇ.

— بىرى بولسىمۇ ئۆلسۇن، ئىككىسى بولسىمۇ ئۆلسۇن، ئۇچى بولسىمۇ ئۆلسۇن، قۇرۇپ توگەپ كەتسۇن، دەپ ماڭ، — دەپتۇ پادىچى.

گول چامغۇۋاي پادىچىنىڭ دېگىنىنى تەكرارلاپ مېڭىپتۇ. مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە مېيىت نامىزى چۈشۈرۈۋاتقان بىر توپ جامائەت ئۇچراپتۇ. گول چامغۇۋاي يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا ھېلىقى سۆزنى تەكرارلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. جامائەت ئۇنى تۇتۇ - ۋېلىپ بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ. تاياق يېسىمۇ، گول چامغۇۋاي بوش كەلمەپتۇ.

— مېنى ئۇرۇپ گېپىمنى يىتتۇرۇۋەتتىڭلار، ئەمدى مەن نېمىدەپ ماڭىمەن؟ — دەپتۇ ئۇ.

— توز ماڭ، — دەپتۇ جامائەت. ئۇ جامائەتنىڭ دېگىنى بويىچە گىدىيىپ مېڭىپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر تارچۇقتا باپكار خام يۆگەۋاتقانىكەن، ئۇ باپكارنىڭ يىپلىرىنى ئۇزۇپ بېشىغا ئارتىپ مېڭىۋېرىپتۇ. غەزىپىگە پايلىمىغان باپكار گول چام - غۇۋاينى گەز بىلەن ئۇرۇپ، ھالىنى قويماپتۇ. تاياق يېسىمۇ، باپكارنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋالغان گول چامغۇۋاي:

— ئېيتە، مەن قانداق ماڭىمەن؟ — دەپتۇ. باپكار كۈلۈپ كېتىپ:

— ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ ماڭ، — دەپتۇ.

گۈل چامغۇۋاي ئېرىق ئىچىدە ئۆملەپ كېتىۋاتقاندا، ئوغرىنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ يۈرگەن بىر توپ كىشىگە ئۇچراپ-تۇ. ئۇلار ئېرىق ئىچىدە ئۆملەپ كېتىۋاتقان گۈل چامغۇۋاي-نى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئوغرى دېيىشىپ، تۇتۇۋېلىپ كال-تەكلەشكە باشلاپتۇ. لېكىن، گۈل چامغۇۋاي ئېرىق ئىچىدە يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالغاچقا، تاياق ـ توقماقلار گۈل چام-غۇۋايغا تەگمەي ئېرىقنىڭ قىشىغا تېگىۋېرىپتۇ. گۈل چام-غۇۋاي ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. جامائەتمۇ «ئۆلۈك»نى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

گۈل چامغۇۋاي ئېرىق ئىچىدە راسا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ-تۇ. ئۇ يېرىم كېچە بولغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە شادىخاننىڭ تاپشۇرمىلىرىنىڭ جاۋابىنىمۇ بەرمەستىن، ئۇنىڭغا:

— خوتۇن، مەن ئۆلدۈم، كېپەنلىك ھازىرلاڭلا، — دەپتۇ.

— ھوي، نېمە بولدىلا، ساراڭ بولۇپ قالدىلىمۇ نېمە؟ — دەپتۇ شادىخان.

— ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك، جامائەت مېنى «ئۆلدى» دېدى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ گۈل چامغۇۋاي.

ئەخمەق ئېرىدىن بىزار بولغان خوتۇن كېچىچە يەرلىك تەييارلىتىپتۇ. بامدات نامىزىدا جامائەت گۈل چامغۇۋايىنى يۇ-يۇپ ـ تاراپ يەرلىكىدە قويماقچى بوپتۇ ۋە جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. جامائەت تۇپراق بېشىغا كېلىپ گۈل چام-غۇۋايىنى يەرلىكىدە قويماي دېيىشىپ، گۈل چامغۇۋاي جىنازا ئىچىدە تۇرۇپ:

— ياق، ياق، جامائەت، مەن ساق، — دەپتۇ. ئەخمەقتىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغان جامائەت ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي يەرلىككە قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەقلەر تۈگەپ، يۇرت تىنچىپتۇ.

# قوغۇنچىنىڭ باھاسى

بۇرۇنقى زاماندا، شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا مامۇت دې-
گەن بىر قوغۇنچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قوغۇنلىرى شۇنداق
چوڭ، شۇنداق تاتلىق ئىكەن، بىر قېتىم يېگەن كىشى يەنە
بىر قېتىم يېسەم دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. مامۇت ھەر يىلى
قوغۇنى پىشقاندا، باش - بۇرنىنى يۇرت چوڭلىرىغا، ئاندىن
قوۋم - قېرىنداشلىرىغا ئېغىز تەگكۈزىدىكەن. ئۇلارنىڭ رازى-
لىقىنى ئالغاندىن كېيىن بازارغا ئەكىرىپ ساتىدىكەن.

مامۇت بىر كۈنى ئەتىگەندە پىشقان قوغۇنلارنى ئۈزۈپ
بازارغا ماڭدۇرۇپتۇ - دە، قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەپى-
دە ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، ناتونۇش بىر ئادەم ئېرىق ياقىلاپ
كېلىپ، غىپپىدە قوغۇنلۇققا كىرىپتۇ. ئۇ چۆنەك ئارىلاپ
بىر قوغۇننى ئۈزگەندە، قوغۇنچىنىڭ ئوغلى بۇنى كۆرۈپ قې-
لىپ، دادىسىغا:

— دادا، ئاۋۇ ئادەمنى قارىغىنا، قوغۇننى ئۈزۈۋالدى، —
دەپتۇ. مامۇت قاراپ:

— بوپتۇ، بالام، ئۇ يولۇچى ئوخشايدۇ، قوغۇن يەپ
ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇۋالسۇن، — دەپتۇ.

— ۋۇي دادا، قوغۇندىن يەنە بىرنى ئۈزدى، — دەپتۇ
ئوغلى دادىسىنى نوقۇپ.

www.uyghurkitap.com

— بوپتۇ، بالام، ئۇ ئادەم موللا ئوخشايدۇ، موللا دېگەن
نەپسىگە ئامراق بولىدۇ، بىرىنى ئۆزى يەپ، يەنە بىرىنى ئۆز-
گە ئېلىپ كەتمەكچى ئوخشايدۇ، — دەپتۇ دادىسى.
— ۋوي دادا، ئۇ تويمىغۇر يەنە بىرنى ئۆزدى، — دەپتۇ
ئوغلى تېپچەكلەپ.
— بوپتۇ، بالام، ئۇ ئادەم يولۇچى ئەمەس، موللىمۇ ئە-
مەس، ھاجى ئوخشايدۇ، ھاجىلارنىڭ بەزىلىرى سودىگەر كېلد-
دۇ، بىرنى ئۆزى يەپ، ئىككىسىنى ساتماقچى ئوخشايدۇ، —
دەپتۇ دادىسى.
— ۋوي دادا، ئۇ ئادەم يەنە بىرنى ئۆزدى، يەنە
ئۆزگىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ تېپىرلاپ ئوغلى.
ماموت قوغۇنچى دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بالام، ئەمدى بولمىدى، ئۇ ئوغرى ئوخشايدۇ، ئوغرى
دېگەن پىشقاننىمۇ، سويمىنىمۇ ئۈزۈپ، قوغۇنلۇقنى نابۇت
قىلىۋېتىدۇ. يۈر، ئۇنى تۇتۇۋالايلى، — دەپ، قولىغا كالتەك
ئېلىپ، كەپىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. قوغۇنچىنىڭ كېلىۋاتقاذ-
لىقىنى كۆرگەن ئوغرى ئۈزگەن قوغۇنلارنى قولتۇقىغا قىسىپ
قېچىپتۇ. بىراق، ئوغرىنىڭ قولتۇقىدىكى تۆت قوغۇن ئېرىق-
تىن ئۆتە - ئۆتمەيلا سىيرىلىپ چۈشۈپ قاپتۇ.

# مەمتىكام يالغان بىلەن ئەمتىكام دىك ـ دىك

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنـقى زاماندا بىر مەھەللىدە مەمتىكام يالغان بىلەن ئەمتىكام دىك ـ دىك دەيدىغان ئىككى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. مەمتىكام يالغان خۇش چاقچاق، قىزىقچى ئادەم بولۇپ، يالغان گەپ تاپالمىغاندا راستىنى قوشۇپ سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن. ئەمتىكام داۋاملىق دىكىلداپ مەمتىكامنىڭ ئالدىغا بېرىپ چىشىغا تېگىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەمتىكام يالغان ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتسا، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئەمتىكام دىك ـ دىك ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەمتىكام مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئەمتىكام:

— ھەي مەمتىكا، شۇنچە ئالدىراش نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. ئىشىنىڭ زۇرۇرلۇكىدىن بەكمۇ ئالدىراۋاتقان مەمتىكام يالغان:

— ھە، نېمە زۆرۈر گېپىڭ بار ئىدى؟ قېنى چاپسانراق دېگىن، — دەپتۇ.

— باشقا زۆرۈر گېپىممۇ يوق، ئەمما زېرىكىپ ئىت بولۇپ كېتەي دېدىم، بىردەم ئولتۇرۇپ بىر يالغان ئېيتىپ

بەرسەڭ ياخشى بولاتتى، ــ دەپ، ئەزمىسىنى ئېزىپتۇ ئەمتەد-كام دىك ـ دىك.

شۇ ئەسنادا كۆڭلىگە بىر ھىيلىنى پۈككەن مەمتىلى يالغان، توختا، بۇ قىرى دىك ـ دىكنى ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە توپىسىنى كۆزىگە قىلىپ بىر بابلاي، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ـ دە، جىلە بولغان قىياپەتتە:

ــ مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئىشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى، دېگەندەك، ئىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ تاقىتىم قالمايۋاتسا، بىر پۈڭغا ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گەپ ئۈچۈن مېنى ئاۋارە قىلمىساڭچۇ. بۈگۈن دەرياغا كەلكۈن كېلىپ نۇرغۇنلىغان ياغاچ ـ تاش، ئوتۇن ـ چاۋارلارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقۇدەك. ساڭا ئېيتىپ بېرىدىغان «يالغان» ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن. ياغاچ ـ تاشلارنى سۈزۈۋېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، خۇدا ئامان قىلسا، راسا قىزىقنى ئېيتىپ بىر كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىۋېتەرمەن، ــ دەپ، مېڭىشقا ئالدىراپتۇ.



ياغاچ - تاشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەمتىكام دىك -
دىكنىڭ بۇ تەييار ئولجىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغۇسى كەلمەي:
— بەللى، مەمتىكا، بالدۇرراق دېسەڭ بولماسمىدى. بىر-
ئاز تەخىر قىلىپ بىزنىڭ مەمەتنىمۇ بىرگە ئېلىۋال. ئۇ سا-
ڭىمۇ ياردەملەشكەچ ياغاچ - تاش سۈزۈپ كەلسۇن، — دەپتۇ.
ئەمتىكام دىك - دىكنىڭ ئالدانغانلىقىنى پەملىگەن مەمتىكام
يالغان:
— ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي، ئوغلۇڭ ئارقامدىن يەت-
سۇن، — دەپ، يولغا چۈشۈپ ئالدىراش ئىشىنى تېزلا تۈگ-
تىپ، غىپپىدە ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ-
تۇ ۋە يوتقانغا يۆگىنىپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.
ئەمتىكام دىك - دىكنىڭ چوڭ ئوغلى مەمەت دادىسىنىڭ
دېگىنى بويىچە مەمتىكامنى ئىزدەپ دەريا بويىغا يېتىپ كەپ-
تۇ. قارىغۇدەك بولسا مەمتىكام ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. دەريادا
نە كەلكۈن، نە ياغاچ - تاشنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. مەمەت
كەچكىچە ساقلاپ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، دادىسىنىڭ
تەنتەكلىكىگە ئۆكۈنۈپ، چېلىشتا يىقىلغان ئادەمدەك سول-
شىپ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.
ئەمدىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان مەمتىكام يالغان ھويلىغا
چىقىپ كۈنگە قارىغۇدەك بولسا، كۈن ئولتۇرىدىغان ۋاقىت
بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا، ئەمتىكام دىك -
دىك ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىدا پەيدا بوپتۇ - دە:
— ھوي مەمتىكا، دەريا بويىدىن قاچان كەلدىڭ؟ بىزنىڭ
مەمەت قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قويغىنا، ئاداش، شۇنىمۇ بالام بار دەپ بېقىپسەن، —
دەپتۇ مەمتىكام. بۇنى ئاڭلىغان ئەمتىكام ساراسىمىگە چۈشۈپ:
— ئېنىقراق بىرنېمە دېسەڭچۇ؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟ —

دەپتۇ.

ــ ئېيتمىسام بولمىدى، ئاداش. ئوغلۇك سىيادىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان بىر تال ياغاچنى سۇزىمەن دەپ ئۆزىنى دەريادا شۇنداق ئېتىشىغا، ئۇلۇغ كەلكۈن ئۇنى بىرلا يۇگەپ قايىلىغا تاشلىدى. مەن كۆپ ئۇرۇنغان بولسامۇ، قۇتقۇزۇشقا قۇربى يەتمەي قايتىپ كەلدىم، ــ دەپتۇ مەمتىكام كۆزلىرىدىن ياشنى سۇرتكەن بولۇپ. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئەمتىكام دىك ـ دىك لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ ۋە:

ــ ۋاي بالام، باغرىم بالام، يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام، سەن قەيەردە؟ ـــ دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى ئۆيدىكلەرگە مەلۇم قىپتۇ. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ، مەمەتنىڭ ھازىسىنى ئېچىپ زار ـ زار يىغلىشىپتۇ. پۈتۈن مەھەللە ـ كويىمۇ بىر ـ بىرلەپ جەم بوپتۇ.

قاش قارايغان مەزگىلدە، مەمتىكام مەمەتنىڭ دەريا بويىدىن يېنىشىنى كۈتۈپ مەھەللە دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. دېگەندەك مەمەتمۇ ئېشەكتە يانتۇ ئولتۇرۇپ، ئېشەكنىڭ لىڭشىشىغا ماسلىشىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يېتىپ كەپتۇ.

ــ يا ھەزرەت، تولىمۇ مىس ـ مىس بىرنېمىكەنسەن، ئادەمنى شۇنچىمۇ تەقەززا قىلامسەن؟ ـــ دەپتۇ مەمتىكام يالغان ئەنسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

ـــ ئاشۇ بىر باغ بېدىدەك ساقىلىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغان بولسام، بېلىڭدىن قۇشتەك قاماپ ئېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، ـــ دەپتۇ مەمەت ئاچچىقىنى ئاران بېسىپ.

ـــ بۇنچىلىك چاقچاقتا شۇنچىلا چېچىلىپ كېتىسەنۇ، ئۆيۈڭدىكى بالا ـ قازانى ئاڭلىساڭ، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالدىغان ئوخشىمامسەن؟ بۇ يەردە مېنىڭ ساقلىشىمغا يامىنىشىمەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر تورى

دېمەي، دەرھال ئۆيۈڭگە بار. بايىلا كىچىك ئوغلۇڭ سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سېنى دەريا بويىدا ساقلاتقان گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ساڭا خەۋەر قىلغىلى كېتىۋاتقانىدىم، — دەپتۇ مەمتىكام.

مەمەت بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك، ئاغزىدىن كىرگەن ئوق تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئېشەكتىن سەكرىگەن پېتى ئەلەڭ - سەلەڭ ھالدا ھويلىغا كىرسە، ئۆي ئىچىدىن «ۋاي بالام، ۋاي بالام» دېگەن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇمۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ:

— ۋاي بالام، جىگىرىم بالام، ئاھ بالام، ئاپئاق قوزام، — دەپ، يىغلىغان پېتى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدىكىلەر «مەمەتنىڭ ئوت - پىراقىدا» زار - زار يىغلاپ چىراغ يېقىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاچقا، ھېچكىم ھېچكىمنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. ھەممەيلەن يىغا -زار قىلىشىپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىرىنىڭ ئەقلىگە چىراغ يېقىش كېلىپ، قاراڭغۇدا سىلاپ - سىيپاپ يۈرۈپ چىراغنى ياندۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، «كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن» مەمەت «ۋاي بالام» دەپ، داد - پەرياد قىلىۋاتقۇدەك، «سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالدى» دېگەن بالىنى ئانىسى كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقۇدەك. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن ھازىدارلار مەمەتكە قاراپ، مەمەت بولسا بالىسىغا قاراپ داڭقېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئېسىگە كېلىپ پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇشۇنداق سورۇقچىلىقتا سالغان مەمتىكام يالغان بىلەن تۈزۈكرەك ھېسابلاشماقچى بولۇپ قوللىرىغا كالتەك ئېلىپ، مەمتىكام يالغانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ ۋە ھەممەيلەن تەڭلا ۋارقىراپتۇ:

— ھوي يالغانچى كاززاپ، بۇ ياققا چىق! سەن بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمىز!

مەمتىكام يالغان ئۆلارنىڭ مۇشۇنداق كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملىگەندەك، مېيىقىدا كۈلگەن پېتى ئۆيىدىن چىقىپتۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ئەمتىكام دىك-دىك ئاچچىقلانغىنىدىن ساقاللىرىنى دىر ـ دىر تىترىشىپ مەمتىكام يالغاننىڭ ياقىسىدىن ئالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلگەنىكەن، مەمتىكام يالغان ئەمتىكامدىن چاققان كېلىپ، ئۇنىڭ دولىسىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇپ:

— ئەمتاخۇن، ئۆزۈڭلا بىر يالغان ئېيتىپ قىزىقچىلىق قىلىپ بەر دەپ، دىكىلداپ ئالدىمغا كەلدىڭلا، يالغان دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۆلارغا قاراپمۇ قويماي ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۆزىگە ئۆزى خاپىلىق تاپقان ئەمتىكامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نائىلاج ئۆيىگە قايتىپتۇ. «يالـ-غانچىغا ئالدانساڭ، ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# بەگگىنىڭ خىيالى

زامانلارنىڭ بىرىدە، دەريا بويىغا يېقىن بىر قەدىمىي شە-
ھەردە ئالتە بەگگى بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ، ئاخىر بىر
كوچىدا تېپىشىپتۇ - دە، نەشە چەككىلى شەھەر سىرتىغا
چىقىپتۇ. دەريا بويىدىكى بىر چوڭ باغقا كىرىپ دەم يېتىد-
شىپ سەيخانىدىن گۈلخان چىقىرىپ، يوغان بىر دولانا دەرد-
خىنىڭ تۈۋىنى ئاۋات قىپتۇ. بەگگىلەرنىڭ مەستلىكى راسا
قىيامىغا يېتىپ، يۇقىرىغا چىقىپ ئەرشنى، تۆۋەنگە چۈشۈپ
كەشنى كۆرۈشۈپ تۇرغانلىرىدا، ئارىدىن بىرىنىڭ كۆزى ھې-
لىقى دولاناغا چۈشۈپتۇ:

— ئاغىنىلەر، كۆردۈڭلارمۇ ماۋۇ دولانانى؟ ئەگەر بۇنىڭ-
دىن چۆچەك ياسىساق، چوڭ - كىچىك بولۇپ سەككىز يۈزى
چىقارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھە، ھە، دۇرۇس ! چوڭ - كىچىك دېمەي خىللىغانىنىڭ
ئۆزىدە مىڭى چىقىدۇ ! — دەپ قۇۋۋەتلەپتۇ ئىككىنچىسى.

— باركاللا ! — دەپ سۆز ئاپتۇ ئۈچىنچىسى، — بۇنى
ياخشى قىلدۇق، ھەر دانىسىنى قانچىدىن ئالار؟

— قويۇڭلار، دانىلاپ پۇچەك ئىش قىلامدۇق؟ ! — دەپ
قىزىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ تۆتىنچىسى، — ئېپى كېلىپ
قالسا، مىڭ چۆچەك نېمىشقا مىڭ قويغا توختىمايدۇ؟ !

— ھەببەللى، قويمۇ بەرىكەتلىك مال، بىردىن قۇيلىسىمۇ بىر يىلدا ئىككى مىڭ بولۇشى ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ بەشىنچىسى.

— ھە مانا، ئىككى يىلدا تۆت مىڭ قوي، — دەپتۇ بىرى ئۆزىنى تۇتالماي.

خېلىدىن بېرى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرغان تەقۋادارراق ئالتىنچىسى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ سۆزگە كىرىشىپتۇ:

— توختاڭلار، ھەممىمىز مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مۇشۇ تۆت مىڭ قوينىڭ ئۆشرە - زاكىتىنى ئايرىۋالايلى، مىسالى قانچىلىك كېلەر؟ — دەپتىكەن، ھەممىنىڭ بېشى قېتىپ، قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىم بوپتۇ. خىيال سۈرۈشۈپتۇ، بىر - بىرىگە قاراشماي ئىچىدە ھېسابلاپ كۆرۈشۈپتۇ، بارماقلىرىنى سانىشىپتۇ، ئاخىر بىرىنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— مۇنداق قىينالغۇچە ئاخۇنۇمنى باشلاپ كەلمەيمىزمۇ؟ — دەپ مەسلىھەت قىپتۇ. بۇ مەسلىھەت ھەممىگە ماقۇل كەپتۇ. ئۇ بىردەم يۈگۈرۈپ، بىردەم توختاپ، نەچچە ئېرىقتىن ئاتلاپ، نەچچە دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگىمۇ يېتىپتۇ.



ئاخۇنۇم بەڭگىنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئەرۋاھى ئۇچۇپ، گېپىنى ئاڭلىماي، كەچ قالغان بازارچىدەك باينىڭ نەزىرىگە مېڭىپتۇ. بەڭگىمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— تەقسىر... قازى ئاخۇنۇمدىن كۆرە ئۆزلىرىنى يېقىن كۆرۈپ، تۆت مىڭ قوينىڭ زاكىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلغانىدۇق. سىلى ئالدىراش بولغاندىن كېيىن، قازى ئاخۇنۇمغا باراي ئەمىسە، — دەپ ماڭغانىكەن، ئاخۇنۇم:

— هاي، هاي، توختاپ تۇرۇڭلار، قازى ئاخۇنۇمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي، ئۇنچىلىك ئىشلارنى ئۆزۈم تۈگىتىۋېتەي، — دەپ، غەنىيمەت خەزىنە ئالدىدا نەزىردىن كېچىپتۇ. ئۇ يولدا بارغۇچە بەڭگىگە ھېچكىمگە دېمەسلىك، ئادەم ئۇلاشتۇرماسلىق توغرىسىدا جېكىلەپ مېڭىپتۇ. ئويلىغانسېرى ئاخۇنۇمنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، ئاغزىلىرى ئېچىلىپ، دادىسىدىن ھېيتلىق ئالغان بالىدەك ھىجىيىپ ئەتراپىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئالدىراشلىقتا كەشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا باقماي يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، بىرھازادىن كېيىن چىدىمىلىرى چېچىلىپ، ئېغىزلىرى يېرىم ئېچىلىپ ياتقان بەڭگىلەرنى كۆرۈپ، ئاپلا! بۇلار كاشىلا قىلمىسا ئىدى... دەپ ئويلاپ، بۇ يەردىن ئىلاج بار ئىتتىكرەك ئۆتۈپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلغىنىدا، بەڭگىلەر قازاندەك سەللىنى يۆگەپ تەرلەپ - پىشىپ كېلىۋاتقان ئاخۇنۇمنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ ئالدىغا چىقىشىپ سالام بېرىپتۇ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! مۆتىۋەرلەرنىڭ كاتتىسى، يۇرتنىڭ ئاتىسى، رەھىمدىللىكتە ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان، ئادىللىقتا ھەقىقەتكە قارىمايدىغان، ھېسابتا قىلنى قىرىق ياردىغان، كۆپنى كۆرگەن ئاخۇنۇم، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

— ھوي بۇرادەرلەر، نېمە دېمەكچىسىلەر؟ ! مەن سىلەرنىڭ ئەرزىڭلارنى ئاڭلاشقا كەلمىدىم، مېنىڭ ۋاقتىم يوق، — دەپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ ھەم ھېلىقى بىللە ماڭغان ئادەمنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىدا، بەگلەردىن بىرى:

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغۇدەكمۇ ئىش يوقتى، تەقسىر، ئەلۋەتتە بىزمۇ تىرىك بەندە بولغاندىن كېيىن، ساۋابتىن تولا گۇناھىمىز بار. مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاز - تولا يېتىم ھەققى ئاجراتماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئايرىپ بىرەمدىكىن دەپ چاقىرىۋىدۇق، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم سەل يۇمشاپ، توختا، بۇلاردىن بىرنېمە چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا بىر بەگگى:

— ئاخۇنۇم، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى، ئۆزلىرىنىڭ ھەقدار ئارىلىشىشلىرى بىلەن بىزنىڭ مۇشۇ دولانا ياغىچىدىن چۆچەك ياساپ تېگىشمەكچى بولغان قويىمىز تۆت مىڭغا يەتكەندە قانچىلىك زاكات كېلىدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاخۇنۇمنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ، بېشى گاڭگىراپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي: «نېمە، نېمە... يەنە بىر دېگىن؟» دەپ خىتاب قىپتۇ. بەگلەر بايىقى سۆزنى يەنە تەكرارلاپتۇ. ئاخۇنۇم ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ شۇنداق غەزەپلىنىپتۇكى، ھېلىقى نەزىرنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قولدىن كەتكەنىگە چىدىماي، بەگلەرنى يۇزمىڭنى تىللاپتۇ:

— يوقال، ھارامزادە نائەھلىلەر، مېنى شۇنداقمۇ پېشكەللىك باسامدىغان! — دەپ ۋايۋايلاپتۇ.

— ئەپۇ قىلسىلا، تەقسىر، ئەپۇ قىلسىلا، ۋاقىتلىرى يەتمىسە بىزمۇ بۇ چۆچەكلەرنى ياساپ، قوي بېقىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيلى، — دەپ شەھەرگە قاراپ كېتىپتۇ.

# نادان بىلەن تادان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر نادان بىلەن بىر تادان ئۆتكە-
نىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئىككىيلەنگە لىققىدە پۇل سې-
لىنغان پۇل قاپچۇقى ئۇچراپتۇ. ئىككىسى ئۇنى تالىشىپ
قاپتۇ. تادان مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي نادان، ئاۋۇ يول بويىدىكى ئۆجمە دەرىخىنى
كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، — دەپتۇ نادان.

— ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۆجمە دەرىخىگە چىقايلى، بى-
رىمىز پەستە قېلىپ ئۆجمىنىڭ غولىغا تېپەيلى. تەپكىنىمىز
ئۆجمە ئۈستىگە چىققاننى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەلىسەك، تەپكىنى-
مىز ئۇتقان بولايلى. چۈشۈرۈۋېتەلمىسەك، ئۆجمە ئۈستىدىكى-
مىز ئۇتقان بولايلى، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ تادان.

نادان ئويلىمايلا:

— ئۇنداق بولسا ئۆجمىگە مەن چىقاي، سەن ئۆجمىنى
تەپكىن، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ۋەدىلىشىپتۇ.

نادان ئۆجمىگە چىقىپ يوغان بىر شاخنى مەھكەم قو-
چاقلاپ تۇرۇپتۇ.

— قانداق، جايلىشىپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تادان.

— جايلىشىپ بولدۇم، قېنى تەپكىن، — دەپتۇ نادان.

— ئۇنداق بولسا قاراپ تۇر، — دەپتۇ تادان ۋە ئۇجمىگە پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا بىرنى تېپىپ قويۇپتۇ. قىرىلىپ- رىپ ئولتۇرۇپتۇ. نادان، ئەمدى پۇل قاپچۇقى مىنىڭكى بولى- دەپ، ئۇجمىدىن خۇشال سەكرەپ چۈشۈپتۇ. تادان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، پۇل قاپچۇقنى قويىنىغا ساپتۇ.

بۇنى كۆرگەن نادان:

— بۇ نىمە قىلغىنىڭ، ۋەدەڭدە تۇرمامسەن؟ ! — دەپتۇ.

تادان بەخىرامان هالدا:

— ئېيتىپ باقە، مەن ئۇجمىگە بىرنى تەپتىم، مانا سەن يەرگە چۈشتۈڭغۇ، سەن هازىر ئۇجمە ئۇستىدىمۇ ياكى يەردى- مۇ؟ — دەپتۇ.

نادان ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. تادان پۇل قاپچۇقنى ئې- لىپ، ناخشا ئېيتقىنىچە كېتىپ قاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# بەشگاس

بۇرۇنقى زاماندا بىر سوپى ئۆتكەنىكەن، ئۆزىمۇ، خوتۇنى-مۇ گاس ئىكەن. ئۆمرىدە بىرلا قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ، قىزى-مۇ گاس تۇغۇلۇپتۇ. يىللار ئۆتۈپ، قىزىمۇ چوڭ بولۇپ قاپ-تۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە مەقسەتلىرىنى ناھايىتى تەستە بىل-دۈرۈشىدىكەن. سوپىنىڭ يىگىرمە تۇياق قوي - ئۆچكىسى بو-لۇپ، ئۇ ھەر كۈنى شۇلارنى بېقىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. سوپىنىڭ خوتۇنى بولسا ئۆينىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىدىكەن. قىزى ئولتۇرسا - قوپسا ئەرگە تېگىشنىڭ غېمىدە ئىكەن.

بىر كۈنى سوپى ئادىتى بويىچە، ناماز بامداتقا مېڭىشتىن ئىلگىرى قويلارنى قوتاندىن چىقىرىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى يايلاققا ھەيدەپ قويۇپ، ناماز ئوقۇشقا كېتىپتۇ، نامازدىن كې-لىپ قارىسا، قويلار كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ خېلى بىر يەرگىچە بېرىپ ئىزدەپمۇ قويلارنى تاپالماپتۇ، ئاخىر ئۆي-گە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىدىن:

— قويلارنى ئوتلىسۇن دەپ يايلاققا قويۇۋەتكەنىدىم، يوق تۇرىدۇ، سىلەر كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېرىنىڭ گې-پىنى ئۇقالمىغان خوتۇنى قىزىغا قاراپ:

— قوپ، قىزىم، چاققان بولغىن، داداڭنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئىتتىكرەك ئاش ئېتەيلى، —

دەپتۇ. ئانىسىنىڭ گېپىنى ئۇقالمىغان قىزى:

— مەن سىلەرگە ئەرگە تېگىمەن دېدىمۇ؟! ئەرگىمەنگ-مەيمەن، بولدىمۇ؟! — دەپتۇ. خوتۇنىدىن جاۋاب ئالالمىغان سوپىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ:

— قويلارنى كۆردۇڭلارمۇ دەيمەن؟! — دەپتۇ. ئېرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن خوتۇنى قىزىغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— قوپ دېدىم، قوپ! داداڭنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۆل-گۈدەك بولغان ئوخشايدۇ.

قىزى ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— مەن سىلەرنى ئەر تېپىپ بېرىڭلار دېدىمۇ، ھۇ - ھۇ... تويدۇمغۇ، ھۇ، ھۇ...

خوتۇنى ئېرىگە قاراپ قولى بىلەن كۈنىى كۆرسىتىپ:

— تېخى كۈن ئەنە، تاماق يېگىلى نېمانچە ئالدىرايلا؟ — دەپتۇ.

ئېرى بولسا خوتۇنىنىڭ قول ئىشارىتىدىن «قوي شۇ تە-رەپكە كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىپ:

— سەن قويىنىڭ شۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا توسمىدىڭ؟! — دەپ بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شاپىلاق يېگەن خوتۇنى:

— سەن مېنى تاياقتا قويدۇڭ، زادى تاماقتا ياردەملە-شەمسەن، يوق؟! — دەپ قىزىغا كايىپتۇ.

ئانىسىنىڭ تەنبىھسىگە چىدىمىغان قىزى:

— كىمگە بەرسىڭىز شۇنىڭغا تېگىمەن، ھى، ھى، ھى، قېنى، مېنى ئالىدىغان يىگىتنى كۆرسەتمەمسىز؟! — دەپ، يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر - بىرى-نىڭ گېپىنى ئۇقالمىغان ئانا - بالا يىغلىشىپ، قىرقىراپ

ئالال ـ توۋا كۆتۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى سوپىدىن ئاڭلايلى:

سوپى ئەتىگەندىن چۈشكىچە قويلارنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئۇ ئىزدە ـ ئىزدە ئۆز يېزىسىدىن باشقا بىر يېزىغا بېرىپ قاپتۇ. سوپى كېلىۋاتسا، يولدا بىر كىشى هارۋا ياساپ تۇرغانىكەن. سوپى، قويلارنى مۇشۇ كىشى كۆرگەن بولمىسۇن، دەپ سوراپتۇ:

— هەي بۇرادەر، بۇ ئەتراپقا بىر توپ قوي كېلىپ قالـ. غىنىنى كۆردۇڭلارمۇ؟

هارۋا ياساۋاتقان كىشى سودىگەر بولۇپ، ئۇمۇ گاس ئىكەن.

— هە، تۆۋەنكى مەهەللىدىن كېلىشىمدە هارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئۇ قولىنى تۆۋەن مەهەللە تەرەپكە چېنەپ. سوپى قول هەرىكىتى بىلەن:

— ئۇ يەرگە باردىم، يوق، بۇ تەرەپكە باردىم، يوق. مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىمىكىن، دەپ سىلىدىن سوراۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— هەئە، هېچ گەپ يوق، بۇنداق هارۋىدىن نەچچىنى يا ـ سىغانمەن، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئەگەر قويلىرىم كەتكەن جاينى كۆرسىتىپ بەر ـ سەڭلار، بىر ئوغلىقىم بار، بېرىمەن، — دەپتۇ سوپى بىتاقەت بولۇپ. سودىگەر قولى بىلەن كۈنپېتىش تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— هارۋىنى تېزرەك ياسىۋالمىسام، ئۆيگە كۈن ئولتۇ ـ رۇشتىن بۇرۇن بارالمايمەن، — دەپتۇ.

سوپى سودىگەرنىڭ قول ئىشارىتىنى قويلىرىم كەتكەن تەرەپنى كۆرسىتىپ بەردى دەپ خۇش بولۇپ:

— رەهمەت، بۇرادەر، — دەپتۇ ـ دە، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئازراق مېڭىپلا قارىسا، قويلىرى بىر چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئوتلاۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن سوپى ناهايىـ

تى خۇش بوپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي سودىگەرگە رەھـ
مەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھېلىقى توكۇر ئوغلاقنى بەرمەكچى
بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:
— بۇرادەر، سىلىگە مىڭ رەھمەت، ئەگەر سىلى قوي بار
جاينى كۆرسىتىپ بەرمىگەن بولسىلا، قويلىرىمنى تاپالمايتتىم، ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مۇنۇ ئوغلاقنى بېرەي، ئۆلتۈرۈپ يېسىلە، — دەپتۇ. بۇ توكۇر ئوغلاقنى كۆرۈپ سودىگەرنىڭ جان - ئىمانى چىقىپ:
— ھەي ئوغرى، سېنىڭ ئوغلىقىڭنىڭ پۇتىنى مەن سۇندۇردۇممۇ؟ ھۇ مۇتتەھەم، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپتۇ.
سوپىمۇ بوش كەلمەي:
— قويۇمنىڭ بار يېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنگە بىر ئوغلاق بەرسەم بولمىدىمۇ؟ چوڭ قوي بەرسەم بولامتى؟! ھۇ ئىنساپسىز، سەن ماڭا قوي بېقىشىپ بەرگەنمىدىڭ؟! — دەپتۇ. سوپىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن سودىگەر ماڭا تۆھمەت



قىلدى، دەپ چۈشىنىپ مۈشت كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېدەللىشىپ تۇتۇشۇپ قاپتۇ.

— ھۇ، تۆھمەتخور !

— ھۇ، نائەھلى، ئىنساپسىز !

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ، بىردەمدە ھەر ئىككىسىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرى قان بوپتۇ. ئۇلار سۆرىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھەر ئىككى دەۋاگەر قازىغا ئۆز گەپلىرىنى ئېيتىشىپتۇ. قازىمۇ گاس بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماپتۇ. سودىگەر قىبلە تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— دەۋايىمنى تېزرەك سورىسىلا، ئاۋۇ يەردە ھارۋام قالدى، — دەپتۇ. سوپىمۇ قويلىرىدىن ئەنسىرەپ، قول ھەرىكىتى بىلەن:

— ئەتىگەندىن كەچ بولغۇچە بىرنەرسە يېمىدىم، قويلىرىمنى يەنە يوقىتىپ قويماي، بۇ ئوغرىغا بېرىدىغان ئوغلىقىممۇ يوق، — دەپتۇ.

بۇ دەل رامىزان كۈنلىرى بولۇپ، روزا ھېيتقا ئۈچ كۈن قالغانىكەن. قازى ئۇلارنىڭ ئىشارىتىدىن بىرنەرسە سەزگەندەك قىلىپ:

— ھە، سىلەرنىڭ ئاسماندا بۈگۈن ئاخشام ئاي كۆرگىنىڭلار راستمۇ؟ — دەپتۇ. سوپى بىلەن سودىگەر ئۆز سۆزىنى يەنە تەكرارلاپتۇ. قازى:

— شەرىئەت ھۆكمىدە، ئىككى مۇسۇلمان ئاي كۆردۇق، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. قېنى، ناغرا چېلىنسۇن ! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ناغرا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر ھەيرانلىقتا، قازىدىن:

— قازى ئاخۇنۇم، بۇ نېمە ناغرا؟ — دەپ سوراپتۇ. قازى

سورىغانلارغا قاراپ:

— بۇ ئىككىيلەن ئاسماندا ئاي كۆردۇق، سىز كۆزلىگىنىق بەردى، ئەتە روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز، — دەپتۇ.

قازىنىڭ دۆتلۈكىدىن غەزەپلەنگەن كىشىلەر قازىنىڭ سەللىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قازىكالانغا ئەرز قىلىپ بۇ پاراخور قازىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ.

سوپى بىلەن سودىگەر گاس بولسىمۇ خەت تونۇيدىكەن. ئاخىر بۇلارنىڭ دەۋايىنى سورايدىغان كىشى چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلار خەت ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن مەقسەت - مۇددىئاسىنى چۈشىنىشىپتۇ، بىر - بىرى بىلەن كېلىشىپتۇ، ئاخىر كۈلۈشۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، يېقىن دوستلارغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوپى خوتۇنى بىلەن قىزىغا خەت ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپتۇ، خەت ئارقىلىق مەقسەتلىرىنى ئېنىق بىلىشىدىغان بوپتۇ.

# تېشۈپىنىڭ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا بىر تېشۈپ ياشىغان بولۇپ، تېبابەتچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئې-تىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى «ما-ھارىتى»گە تايىنىپ نۇرغۇن بىمارنى داۋالاپ ساقايتىپ، خالا-يىقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىكەن. تېشۈپ يېشى چوڭايغانسې-رى «مۇشۇ كۇنگە كەلگۈچە بىرەرمۇ شاگىرت تەربىيىلىمەپتى-مەن. ناۋادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، كەسپىمگە كىم ۋارىسلىق قىلار؟» دېگەن مەسىلە ئۇستىدە كۆپ باش قاتۇرىدىغان بوپتۇ، ياشلاردىن مۇۋاپىق بىرەرىنى تالالاپ ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئالدىراپتۇ. تېشۈپ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر: «يات كىشىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلىگەندىن كۆرە، يە-نىلا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئوغلىنى تەربىيىلىگىنىم تۈزۈك» دېگەن قارارغا كەپتۇ. تېشۈپنىڭ تولىمۇ ئەركە ئۆسكەن، ئەقىلسىز، بەڭۋاش بىرلا ئوغلى بولۇپ، دائىم داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭ-رىغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىكەن. «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى» دېگەندەك، ئاتىسىنىڭ كەسپىگە قىلچە قىزىقمايدىكەن.

تېشۈپ بىر كۈنى ئۆز قارارىنى ئوغلىغا ئېيتىپتۇ. ئوغۇل كۆڭلىدە ئاتىسىنىڭ كەسپىنى ئۆگىنىشنى خالىمىسىمۇ، ئا-تىسىنىڭ سۆزىنى يىرالماي، زورمۇزور رازى بوپتۇ. شۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

باشلاپ تېۋىپ ئۆز كەسپىنى ئوغلىغا ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوغلى تېبابەتچىلىكنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. ئوغلىنىڭ ئەقىلسىزلىقى كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەن تېۋىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئوغلۇم مەندىن كېيىن قالسا قانداق جان باقار، دەپ غەم قىلىپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، قايغۇسى كۈچەيگەنسېرى كېسىلىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ. بىر كۈنى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— شۇنچە ئۆگەتكەن بولساممۇ، مېنىڭ كەسپىمنى زادىلا ئۆگىنەلمىدىڭ، ئەمدى ساڭا جان بېقىشنىڭ بىر يولىنى ئۆگىتىپ قويمىسام بولمىدى. ساڭا دەيدىغان گېپىم شۇكى، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ مېنىڭ



يولۇمنى تۇتقىن، چۈنكى كىشىلەر سېنى تېۋىپنىڭ ئوغلى دەپ قارىغاچقا، ئاتا كەسپىنى بىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ساڭا كېسەل كۆرسىتىشى مۇمكىن. بەزى ئادەملەرنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى ئۆلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، سەن كېسەل بولغۇچىنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشىنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى يېگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل كۆرگىلى بارغان چېغىڭدا، كېسەل بول- غۇچىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدى - كەينى ۋە ھويلا - ئاراملىرى- غا ئوبدان سەپسېلىپ قارا. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ يەرلەردە ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرىنىڭ قالدۇقى بولىدۇ. ئۇ نەرسىلەر- نى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتىسەن، ئاندىن: «ئۆزلىرى پالانى ياكى پوكۇنى نەرسىنى يې- گەنىكەنلا، شۇ نەرسە زىيان قىپتۇ» دەيسەن. ئاندىن كېيىن كېسەلگە پايدا قىلىمىسىمۇ، ئەمما زىيانمۇ قىلمايدىغان دورا بۇيرۇپ بېرىسەن، شۇنىڭ بىلەن كېسەل بولغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سېنىڭ «تاپقاق» لىقىڭغا قايىل بولىدۇ. مۇنداق «تاپقاق»لىق بىرنەچچە قېتىملا بولسا، نامىڭ چىقىدۇ، كىشىلەر ئۆزىلا ئىزدەپ كېلىدىغان بولىدۇ. ئىشىكىڭگە ئادەم كەلدى دېگەنلىك — پۇل كەلدى دېگەنلىك. شۇنىڭ بى- لەن جېنىڭنى گۈلدەك بېقىپ كېتىسەن، — دەپتۇ. تېۋىپ ئوغلىغا «نەسىھەت» قىلىپ ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆت- مەي دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ.

تېۋىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئاتىسىدىن مىراس قال- غان مال - دۇنيانى خالىغانچە يەپ - ئىچىپ، بۇزۇپ - چې- چىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پاك - پاكىز قۇرۇ- تۇپ بوپتۇ. بارا - بارا ئۇنىڭغا قورساق بېقىشمۇ تەس كې- لىپ، ئەتىگەنلىكىنى تاپسا، چۈشلۈكىنى تاپالمايدىغان، چۈش-

لۇكىنى تاپسا، كەچلىكىنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇ تىلەمچىلىك قىلماقچى بوپتۇ، شۇ چاغدا بىردىنلا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ، تىلەمچىلىك قى-لىشتىن يېنىپتۇ، «تېۋىپلىق» قىلماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ يىراق بىر يېزىدا بىر كىشىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېسەل بولغۇچىنىڭ ھويلىسىغا قەدەم باسقان چاغدا، بىردىنلا ئاتىسىنىڭ «تومۇر تۇتۇشتىن بۇرۇن بىمارنىڭ نىمىلەرنى يې-گەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىل» دېگەن سۆزى يادىغا كې-پتۇ ـ دە، ھويلا ئىچىگە قاراپتۇ، لېكىن ھېچ نەرسىنىڭ قالدۇقى-نى كۆرەلمەپتۇ. ئاستا ئېغىلغا كىرىپ ئوقۇرغا قارىغانىكەن، ئو-قۇردا قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆزىنىڭ «يىپ ئۇچى» تاپقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، كېسەل بولغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ: «ئۆزلىرى قوغۇن ـ تاۋۇزنى كۆپرەك يەۋەتكەن ئوخشايلا، شۇ نەرسىلەر زىيان قىلىپ قورساقلىرىنى ئاغرىتىپتۇ» دەپتۇ. دېمىسىمۇ، كېسەل كىشى ئالدىنقى كۈنى راستتىنلا قوغۇن ـ تاۋۇزنى جىق يەۋەتكەنىكەن. ئۆيدىكىلەر بۇ ياش «تېۋىپ»قا قايىل بو-لۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپتۇ. «تېۋىپ» ئاتى-سىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، كېسەلگە پايدىمۇ قىلمايدىغان، زىيانمۇ قىلمايدىغان بىرنەچچە خىل دورا بۇيرۇغاندىن كېيىن قايتماقچى بوپتۇ. بىمارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئۇنىڭغا خېلى جىق ھەق بېرىپ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئۇ باشقا بىر يېزىدا بىر ئايالنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يېزىغا قاراپ چېپىپتۇ، ئايالنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، بىر ئىت دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يوندى تۆكىدىغان جايدا سۆڭەك غا-



www.uyghurkitap.com

جىلاۋاتقۇدەك. ئۇ ئوڭايلا «يىپ ئۇچى» تاپقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، بىمارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ، ئايالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بولۇپ: «خېنىم، ئۆزلىرى گۆشنى جىق يەۋەتكەنىكەنلا، گۆش ئېغىر كېلىپ كېسەل بولۇپ قاپلا» دەپتۇ. بۇ ئۆيدىكىلەرمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ جايىدىن چىققانلىقىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنى «ئەۋلىيا تېۋىپ»، «ياش لوقمان ھەكىم ئىكەن» دەپ ماختىشىپتۇ. ھەقىقەتەن ئايال ئالدىنقى كۈنى گۆش يېگەنىكەن. «تېۋىپ» بىمارغا پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ يوق بىرنەچچە خىل دورا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. بىمار ئايال ئۇنىڭغا جىقلا پۇل بېرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئوغۇلنىڭ ھال ـ كۈنى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئاققانلىقىدىن خۇشال بولۇپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يىگىت ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئاتىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ دەرھال ماقۇل بوپتۇ، يىگىتنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ھويلا ئىچىدىن «يىپ ئۇچى» ئىزدەپتۇ. ھويلىدا پەقەت ئېشەكنىڭ توقۇمى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، كېسەل كىشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ:

— ئاتا، ئۆزلىرى توقۇم يېگەن ئوخشايلا، شۇ زىيان قىپتۇ، — دەپتۇ. ئۆيدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپ ئۇ- چەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولۇپ كۈلۈپتۇ. ئارقىدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ: «كىمنىڭكى زاڭلىق قىلىسەن، ئالدامچى!» دەپ، ئۇنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئىتتەرگىنىچە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 21  维吾尔文
SS号=40250802

www.uyghurkitap.com